مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



MIRAS

美拉斯

MIRAS

# مىراس

2

2006

ISSN 1004-3829
04>

# ئۇيغۇر ئەنئەنۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىز



مۇقاۋىنىڭ 1 - ،2 - بېتىدىكى كىيىملەرنى دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كىيىم لايىھىلىگۈچى خانىش ھاپىز لايىھىلىگەن



يۇسۇپجان تۇرسۇن فوتوسى




قوش ئايلىق ژۇرنال 2006 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 94 - سان)

## ھېكمەت خەزىنىسى

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدا.........................

.........................تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (1)

## ئادەت قېرىماس

كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىكى پوتا باغلاش ئادىتى.............ئابدۇقەييۇم مىجىت (10)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

گۆھەرگە ئايلانغان يىپەك ۋە يىپەك مەدەنىيىتى..................مۇھەممەت ئىمىن سابىر (13)

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى ۋەئۇنىڭ شېئىرىي قىممىتى ھەققىدە.....نۇرنىسا باقى (19)

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارى............تۇرسۇن لېتىپ ياركەندى (33)

«ئىككى تىگىنىنىڭ ھېكايىسى»نىڭ بايان ئالاھىدىلىكى ھەققىدە.......خالمۇرات ئىمىن (37)

ۋاقىتنىڭ كەتتى - بەختىنىڭ كەتتى..........................غالىپ مۇھەممەد قارلۇق (42)

## يا ئىشەن، يا ئىشەنمە

بېشارەتتىن - ئىشارەتلەر...........................................ئەركىن سابىر (23)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

ئادەمىيلىكنىڭ مەنىسى نېمە..........................گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى (25)

دۇنخۇاڭدىكى مىراس قولىيازمىلار قانداق بولۇپ چەت ئەللەرگە تاراپ كەتكەن..........

.........................مەتىمىن ھۇشۇر تەرجىمىسى (27)

ئۈچ شەرت.........................خۇرسەنئاي مەتىمىن تەرجىمىسى (71)



باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر، 14 - قەۋەت
TEL:( 0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E - mail: mirasuyghur @126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

## بىزنىڭ ئۆرانىمىز - مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !
## بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز - ئۇلغار مىللىي مەدەنىيەت !

### ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ

ئوردا رېتسىپلىرى ........................................ هاپىز نىياز (45)

### مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

بىزنىڭ تۇرمۇش ........................................ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (54)

### كۈلكە — جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ........................................ قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (69)

### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇرلار ........................................ تيەنىيا يۈزى (ياپونىيە) (72)

## 主 要 目 录

论知识的价值 ........................ 买特卡斯木・艾克拉木
维吾尔服饰习俗中的缠布腰带的习惯 ....... 阿不都克尤木・米吉提
变成宝贝的丝绸和丝绸文化 ................ 买买提明・沙布尔
维吾尔情歌与其诗性价值 .................... 努尔尼沙・巴克
我们的生活 ........................ 乃再尔霍加・阿不都赛买提
维吾尔木卡姆研究的新春 ............ 图尔逊江里提甫・叶尔坎迪
丝绸故乡的维吾尔人 ........................ 天涯游子(日本)
流失了时间就是丧失了幸福 ......... 阿里甫・穆罕默德・卡尔卢克

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

**جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

**我们要抢救传统文化**
**我们要保护传统文化**
**我们要弘扬传统文化**

主编:
玉素甫．依莎克
副主编:
穆合塔尔．穆罕默德
责任编缉:
努尔尼沙．巴克

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路22号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
22# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode: 58 - 60
International Standard Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 5¥



# ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا

*«ئىلىملەر بۆلىكى» — ئىلىم، پەزىلەت، ئەقىل، يوسۇن، ئىنتىزام ۋە باشقا ئىنسان مەجبۇرىيەتلىرىنى نەسىھەت قىلىدۇ ھەمدە ئىلىمنىڭ پەزىلىتىنى، ئىلىم بىلەن ئەخلاقنىڭ، ئىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ، ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئىلىمگە ئەمەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى شەرھىلەيدۇ ۋە ئاخىرىدا ئادەم قانداق قىلغاندا سۆيۈملۈك ئادەم، پاك ئادەم ۋە خەلققە پايدىلىق ئادەم بولالايدۇ، دېگەن ئىنتايىن ئاكتىۋال قىممەتتىكى بۇ مەسىلىنى دەلىللەيدۇ. بۇ دەلىللەر ۋە دەۋەتلەر دەۋرىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتە تەكىتلەۋاتقان ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىغا ماس كېلىدۇ.*

*بۇ سەھىپىدە ئاپتورى نامەلۇم ئەسەرنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى تاللاپ تونۇشتۇرۇلدى.*

## ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدا

دۇنيادىكى بارلىق ئىلىملار ئادەمنىڭ بىلىشى ئۈچۈن يارىتىلىدۇ ۋە ئىشلىتىشى ئۈچۈن كۆرسىتىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئادەمىيلىك سۈپىتىگە ئىبرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆز ئىقتىدارىغا بۇيرۇلغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەبىئىي زۆرۈرىيەت ۋە ھاجەت دەپ قارىلىدۇ.

ئادەمىيلىك سۈپىتىنىڭ ئالامىتى پەزىلەتتۇر، ھالبۇكى پەزىلەت ئىلىم بىلەندۇر. ئىلىمسىز كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەزىلەت ھەم يوقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىمسىزلەرنىڭ دۇنياسى خۇددى ئىككى ئىشىكى بار كونا ئۆيگە ئوخشاش تەمسىل قىلىنىدۇ. ئادەم ئۆينىڭ بۇ ئىشىكىدىن كىرىپ ئۇ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتتى، يەنى بۇ دۇنياغا تۇغۇلدى ۋە ئۇ دۇنياغا كەتتى، ھېچ ئىزسىز، شەپىسىز. ئىلىمسىزلەرنىڭ بۇ دۇنياسى ئازغۇنلۇق ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ شۇملۇقى تۈپەيلى كونا موردەك قاراڭغۇ تۇرىدۇ. بىلىمسىز ئادەمنىڭ بۇ جاھالەت قاراڭغۇسىدىن ئۆزىنى خالاس قىلمىقى بەسى مۈشكۈلدۇر.

ئەگەر ئادەم بۇ دۇنياغا كېلىپ، ھاجەت ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن ئىلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، جاھالەت قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلماي زۇلمەت ئىلكىدە كەتسە، ھاياتلىق بازىرىدا ئۇ ئادەمدىن نېمە نىشان قالىدۇ؟

ئىلىمنىڭ شاپائىتى توغرىسىدا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئە-

لەيھىسسالام شۇنداق ئېيتتى: «دۇنيانىڭ ئەسرارى قاراڭغۇدۇر، سەن ئۇنىڭ يورۇقىنى كۆردۈڭ پەقەت ئىلىمنىڭ نۇرى بىلەن».

ئەگەر ھەركىشى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىختىيار قىلسا، شۇنداقتىمۇ ئىلىملەرنى ئوقۇپ-ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن ئەمەل قىلىشنى باشلايمەن دەپ خىيال قىلسا، بۇ مۇمكىن بولمايدۇ ۋە ئۆمرى يار بەرمەيدۇ. شۇڭا ئىلىملەرنى ئۆگەنگىنىچە ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن ئىلىمى دائىرىسىچە ئەمەل قىلىشنى ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىدىكى توغرا ۋە ئۇنۇملۇك يولى دەپ دالالەت قىلىنىدۇ.

ئىنسانلار ئىلىم مەزمۇنلىرى كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ قىلغان ئەمەللىرى ئۈستىگە يەنە ئىلىم ئۆگەنسە، ئۇنىڭ ئىلىمى بارغانچە راۋاج تاپىدۇ.

ئەگەر سىزنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمىڭ ئازراق بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئاز ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇنچىلىك مىقداردا ئەمەل قىلساڭ، سەن شۇ ئۆمرۈڭگە بىر ئۆلۈش پەزىلەت ياراتقان بولىسەن. ئىلىم ئۆگىنىپ تۇرۇپ ئىلىمسىزلەرنىڭ رەۋىشىدە يۈرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىلىمسىزلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن زىيادىرەك مالامەتلىك بولىدۇ.

بەزى ئادەملەر ئىلىمنى نام-شۆھرەت ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئىلىمنىڭ پەيزى ۋە بەھرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئازغۇنلۇق ۋە بىمەنىلىك بىلەن دۇنيادىن كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

بىر بىلىملىك ئالىمنىڭ پەزىلىتى 20 مىڭ ئابىد (ئىلىمسىز رەۋىشتە ئىبادەت قىلغۇچى)نىڭ پەزىلىتىدىن ئارتۇق. بىر ئابىدنىڭ قىرىق يىللىق ئىبادىتى ئالىمنىڭ بىر كۈنلۈك ئىبادىتى بىلەن باراۋەردۇر.

بىر كىشى زاھىرىدا ئالىم بولدى. لېكىن ئۇ ئالدىغا ھارام كەلسە قولىنى يىغمىدى. بۇ كىشى ئەمەلدە ئالىم ئەمەس، بەلكى نەپسى ئەۋۋارىسىدۇر. كىشىلەر ئالىمنىڭ پەزىلىتىنى ھالال-ھارامنى پەرق ئەتكىنىگە قاراپ بىلەۋالىدۇ. مەسىلەن، شاراپخور بولماق، زىنا قىلماق، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەك، شېرىنكانە ئالماق، ئاتا-ئانىلىرىغا ئاسىي بولماق، زۇلۇم بىلەن ھۆكۈم قىلماق، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئالماق، ئارىلىق ئالماق، يالغان گۇۋاھ بەرمەك، ھارامغا يۈزلەنمەك، كىشىلەرنىڭ ھەققىدە غەيۋەت قىلماق، ئۇۋاللىق بىلەن سۆزلىمەك، ھەسەت قىلماق... قاتارلىق قەبىھ ئىللەتلەر ئىنسانلارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە كىشىلەرنى يامان سۈپەت بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

### تەۋەززۇ (كەمتەرلىك)نىڭ ياخشىلىقى ۋە كىبىر-تەمەننانىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

ھەر كىشى تەۋەززۇلۇق (كەمتەرلىك) پەزىلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنى بىلمەكچى بولسا كۆرسۇنكى، تەۋەززۇلۇق ئادەملەر ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا، كەمتەر، چىھرى ئوچۇق، مىننەتدار ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن مەلۇم بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنى چوڭ-كىچىك، مەرتىۋىلىك ۋە مەرتەۋىسىز دەپ ئايرىماي، ئالدى بىلەن سالام قىلىدۇ. مەجلىسلەرگە بارسا تۆۋەن ئولتۇرۇشنى ئىختىيار قىلىدۇ ۋە مۇشۇنداق بولسا كۆڭلىدە ئەمىنلىك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر مەجلىسلەردە يۇقىرى ئولتۇرۇپ قالسا، خىجالەت ۋە ئوڭايسىزلىنىپ بۇ مېنىڭ ئورنۇم ئەمەس بولغىيدى دەپ ئۇھسىنىدۇ. باشقىلارغا خۇش كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئىشىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ. يۇقىرى بولماققا قۇدرىتى باركى، تۆۋەنلىكنى خالايدۇ. ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆزگىلەر ئۇلۇغدۇر.

كىبىر-ھاياسىزلارنىڭ پېئىلىدۇر. شەيتان كىبىر قىلغانلىق سەۋەبىدىن مەرتىۋىسىدىن چۈشتى. «مەن ئادەمدىن ياخشىراق ۋە ئۇلۇغراقدۇرمەن» دەپ ئەبەدىي مەلئۇن بولۇپ كەتتى.

شەيتانىنىڭ ئاقىۋىتىدىن شۇنداق ئىبرەت كېلىدۇكى، بارلىق ياخشى ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى ئوبدان دېمەس ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۇلۇغ دېمەس.

ئەگەر كىبىر سەۋەبىدىن ھەر ھۈنەرۋەن ھۈنىرىگە مەغرۇر بولسا ئۇنىڭ ئىش-ئوقىتى ئىلگىرى ماڭماس.

تەكەببۇر كىشىنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى كۆرۈڭكى، ئەنە ئۇ، ئاۋۇ يەردە، بىر ياۋاشىنىڭ يىرتىقىدىن قۇسۇر ئىيتىپ كۈلۈۋاتىدۇ. ئۆزىچە كۆرەڭلەپ قىنىغا پاتمايۋاتىدۇ، ئۇ غېرىبنىڭ ئادەمىيلىك غۇرۇرىغا ئۇۋاللىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى پەسلەۋاتىدۇ. ھارامزادىنىڭ زوراۋان ھالىتىدىن يىرگەنگەن مەسخىرىۋاز ئۇنى نىمە دەپ ئوخشىتىۋاتىدۇ، ئاڭلاڭ: «خۇدىنى يوقاتقان ساراڭ، تاپىدىن قىزغانغان ئىت» كىشىلەر ھەمىشە بىلىپ-بىلمەي مەپتۇن بولىد-

غان مال ۋە دۇنيانىڭ ئىشى مۇنداق: ئەگەر ئۇ مال ـ دۇنيانى ھالالدىن تېپىپ ھالالغا خەجلىگەن بولسا، ھېسابىنى ھەم بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى سائادەت ۋە خەيرىگە ماڭغاي. ئەگەر ئۇ مال ـ دۇنيانى ھارامدىن تاپقان بولسا ۋە يەنە ھارامغا ئىشلەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى زۇلۇم ۋە زاۋالغا ماڭغاي.

بالادەك قارا، ئەجدىھادەك تويىماس نەپسى ئۈچۈنلا ئىزدىگەن مال ۋە دۇنيا خۇددى بىر ئولجا تاپ گۆشكە ئوخشاش بولۇپ، ۋەھشىيلەرنىڭ تالىشىپ، چىشلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ جانلىرىغا خىرىس قىلىشىۋاتقان مەنزىرىلەرنى ئەسلىتىدۇ، مال ـ دۇنيانى ئۇ مەقسەتلەردە ئىزدەشكەن ئادەملەر بولسا، ئەنە شۇ گۆشخورلار كەبى دۇنيا تالىشىپ بىر ـ بىرلىرى بىلەن نىزا قىلىشىدۇ.

ئىبرەت: «ئادەم بالىسى مەيلى قايسى لىباسنى كىيسە كىيسۇنكى، تەكەببۇرلۇق لىباسنى كىيمىسۇن»

تەكەببۇرلۇق بارىسىدە كەلتۈرۈلگەن باياناتلاردا شۇنداق مەنالار بار.

تەكەببۇرلۇقنىڭ نىشانىسى تۈرلۈك ـ تۈرلۈك بولۇپ، ئەقەللىيسى كىشىلەرگە بېرىدىغان سالامدىمۇ مەلۇم بولۇر.

سالام ۋە ئېكرامدا رەسۇلىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق روھىي پاك، ئالىيجاناب كىشى ئىدى. ئىشكىتىن چىقاردا ۋە ئىشكىتىن كىرەردە، مەسچىت ۋە باشقا جايلارغا بارغاندا ئالدىغا دۇچ كەلگەن كىچىك باللارغىمۇ ئالدىدا سالام بېرەتتى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھالىچە سۆز ۋە شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى خۇشال قىلاتتى. ئۆزىنى مەيلى قانداق ئادەم، قايسى مەنزىلدە چاقىرسا، تەكلىپ ۋە ئارزۇ ئەتسە ۋاقتىدا باراتتى. ھويلا ـ ئاراملىرىنى ئۆزى سۈپۈرەتتى. ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى تەگلىكتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن بارغان يېرىدە جاي تاللىماي ئولتۇرۇۋېرەتتى. لازىملىقلىرى ئۈچۈن بازارغا ئۆزى باراتتى. ئالغان نەرسىلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئاش ـ غىزا ۋاقتىدا كەلگەن ساھىللار بىلەنمۇ داستىخاندا ھەمتاۋاق بولاتتى. يېتىملەرگە، خىزمەتكارلىرىغا ھەر ۋاقىت مۇلايىم بولاتتى.

ئۆزى يۇقىرىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەيۋىتى بىلەن خەلقنى ئىشقا بۇيرىماق، ئۇنى قىل، بۇنى قىل دېمەكمۇ تەكەببۇرلۇق پېئىلىدۇر (لېكىن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇنداق بىر تائىپە كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىش بۇيرۇشى مەجبۇرلۇق دەرىجىسىگە بارمايدۇ. مەسىلەن، ئۇلار رازىلىق ۋە مەقبۇللۇق ئىچىدىكى خىزمەتكارلار بولسا، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنى رازىھال بېرىلگەن بولسا، كۆڭلىدە ئۆزلىرىنى ئۆزىدەك بىلىشكەن بولسا، خۇلقى مۇھەببەت بىلەن بىر ـ بىرىگە خۇشاللىق نامايان بولسا، گەرچە ئۇ سېتىۋېلىنغان كىشى بولسىمۇ، ياخشى ئاسرالغان، ھەققى ۋاقتىدا بېرىلگەن بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەتلەر ئۇۋاللىق خوجايىنلىق ھەيۋىتى دەرىجىسىگە كىرمەيدۇ).

ۋەھالەنكى بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىشلار ساھابىلار (رەسۇلۇللانىڭ يېقىن دوست ـ يارەنلىرى) ئارىسىدىمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئىبنى مەسئۇد زەرىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى بىر تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قارىسا بىر توپ كىشىلەر كەينىدىن كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابە ئۇلارغا نارازى بولۇپ: «مېنىڭ ئارقامدىن نېمە ئۈچۈن ئەگىشىپ كېلىسىلەر؟» دەپ ئۇلارنى چەكلىدى.

يەنە بىر كۈنى سەلمان ئىسىملىك بىر ساھابە بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن ماڭدى. قارىسا ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدىن نەچچە خەلق ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇ: «ماڭا ئەگىشىپ كەلگەنلىرىڭلار ئۆزۈڭلەرگە خۇش كېلۇر. ماڭا خۇش كەلمەس» دېدى.

ئالىمغا كېرەكلىكى مەنسەپدارلار چىللىسا بارسۇن، چىللىمىسا ئۆز ئىززىتىدە ئولتۇرسۇن.

ئەگەر سىپاھلار ئاغرىغان بولسا ئۇنى كۆرمەك راۋادۇر. ئاغرىقنى يوقلىماق بار. ئالىم كىشى سىپاھ ئاغرىسا يوقلىشى بىلەن ئارىدا ئىززەت ۋە مۇھەببەت شەكىللىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سىپاھنىڭمۇ ئالىمنى دوست ئىزدەپ كېلىش يولى ھازىرلىنىپ قالىدۇ.

ئالىمغا يەنە ھىممەت كېرەك. مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلماي، ئۆزىدىن پەقىر ئالىملارنى ئاسرىشى، ھەق ئىشقا راستلىق بىلەن راۋاج بېرىشى، شاگىرتلارغا ھاقارەت كۆرسەتمەسلىكى، ھەممە ئەمەللەرنى ھەقنىڭ تەلپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى لازىم. مۇنداق ئالىملار ھەقىقىي ئالىم بولۇپ دەرىجە تاپالايدۇ.

ئىنسانىيەت ئالەمىدە ھەر تائىپىنىڭ تەكەببۇرلۇق نى-

MIRAS

www.uyghurkitap.com



شانلىرى بار. مەسلەن، ھاكىملارنىڭ تەكەببۇرلۇقى — ئا-
لىملارغا ھەمسۆھبەت بولماس، ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسلە-
رىگە ئىختىيار قىلماسلەر.

ئالىملارنىڭ تەكەببۇرلۇقى - يۇقىرى ئولتۇرماقنى
ئىزدەش ۋە مەدرىسلەردە مۇنبەر تەلەپ قىلماقتۇر.

سودىگەرلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقى — قول - دېدەكلىرنى
ۋە چاكارلارنى كۆپ قىلماقتۇر.

يۇقىرىدا تەۋەززۇنىڭ خاسىيىتى ۋە تەۋەززۇ قىلغۇ-
چىلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كۆپ بايان قىلدۇق. لېكىن
تەۋەززۇنىڭ ھالەتلىرى ۋە ئىپادىلىرى مۇنداق بىر قانچە
پەرقلەرگە ئىگىدۇر. مەسلەن، بەزى خىل تەۋەززۇلار تولا
تەكەللۇپلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق تەۋەززۇلار تە-
كەللۇپلۇق تەۋەززۇ (يەنى سۆز ۋە ھەرىكەتتە تۈزۈت
قىلىش) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزى تەۋەززۇلار تەبىئىي
رەۋىشلىك بولىدۇ. بۇ خىل تەۋەززۇلار تەبىئىي تەۋەززۇ
دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا رىيالىق بىلەن ئىلىپ
بېرىلىدۇ. بۇ خىل تەۋەززۇلار رىيايى تەۋەززۇ (يەنى،
مەككارلىق بىلەن تۈزۈت قىلىش) دەپ ئاتىلىدۇ.

تەكەللۇپ بىلەن تەۋەززۇ قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە
كىبىر بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار زالىم - سىپاھلارنى كۆرسە تە-
ۋەززۇ قىلىدۇ. ئۆزگىلەرگە ئۇنداق قىلمايدۇ (مۇنداق
تەۋەززۇدىمۇ بەزى ساۋابلار ئۆتۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار
ئاشۇنداق قىلىۋېرىپ تەبىئىتىدە تەۋەززۇلۇق ئادىتى يې-
تىلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن).

تەبىئىي تەۋەززۇلۇق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ساپراق كې-
لىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز تەبىئىتىدىكى كىشىلەرگىلا تەۋەززۇ
قىلىدۇ. تەبىئىتى ناپاك كىشىلەرگە تەۋەززۇ قىلمايدۇ. لې-
كىن، بۇ خىل كىشىلەر ئادەتتىكى خىلى بىر قىسىم كىشى-
لەردىن ئايرىم تۇرغاچقا رىيازەت ۋە بېسىم ئىلكىدە يا-
شايدۇ.

بۇ چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ ئوبدانىراق كۆرستىش
ئۈچۈن خۇش تەبىئەتلىك بارىسىدە بىر كەلىمە سۆزلەيمىز.

خۇش تەبىئەتلىك كىشىلەر شۇنداقكى، ئۇلار مال -
دۇنيا نەپسىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ. ئۆزىنى تەپتىش ۋە
تەرتىپ ئىچىدۇ. خۇشامەت ھىيلىسى قىلمايدۇ. ھازىرلىق
ۋە ئاقۋەتلىك ئىشلارنى ئويلايدۇ. لېكىن يەنە بەزى كى-
شىلەر باركى، ئۇلار ئۆي ياسماق ۋە ئۆزىگە زىننەت
بەرمەككە مەشغۇل بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر تەسۋىرىدە
تاۋۇس سۈپەتلىك كىشىلەر دېيىلىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا تا-
ۋۇسنىڭ مەرتىۋىسىدىن قاغىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىراق-
دۇر.

ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئانچە زاھىر قىلماي، خۇش تەبە-
ئەتلىك كىشىلەرنى كۆڭلىدە دوست ۋە لايىق ھېسابلايدى-
غان كىشىلەر بار. ئۇلار ھەم خۇش تەبىئەتلىك كىشىلەردۇر.
ئەمما ئۆزىنى خۇش تەبىئەتلىك كۆرستىپ، زالىملارنى
كۆرسە ئۇلارنى خۇش كەلسۇن دەپ قائىدە ۋە ئادەتكە
مۇخالىپ سۆزلەرنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈرىتى پىستە
كۈچۈككە ئوخشايدۇ. بۇنى تەشبىھدە «كۈچۈكلىنىش»
دەپ دەللىلەيدۇ.

رىيالىق بىلەن تەۋەززۇ قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە
كۈچلۈك تەكەببۇرلۇق پىتنىسى بار. ئۇلار ئۆزىنى باشقى-
لارغا تەۋەززۇلۇق قىياپەتتە كۆرسەتمەكچى بولۇپ تە-
ۋەززۇ قىلىدۇ. ئەمما كۆڭلىدە ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن
چاغلايدۇ.

بەزىلەر ھەتتا پېقىر ئادەمنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىل-
مايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەق سۆزنىڭ نېمىلىكىگە ئىختىيار
بەرمەيدۇ. بەلكى، سۈرەت ۋە سالاھىيەتكە چوقۇنۇپ يۈ-
رىدۇ. مۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئىغىرىنى بۇزۇپ
بىدىماغ بولۇپ كېتىدۇ.

## ئەقىل ۋە ئەقلىنىڭ ئىلىم بىلەن ياشايدىغانلىقى توغرىسىدا

ھەزرەت خوجا شەفىقى دېگەن كىشى ئۇستازلاردىن
مۇنداق تۆت سۆزلۈك سوئاللارنى سوراپتۇ:

بىرىنچى، ھەممىدىن ئاقىلراق كىشى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاقىل كىشى نېمە ئىشلارنىڭ گۇناھلىق ئىش بو-
لىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىككىنچى، زىرەك كىشىلەر قانداق بولىدۇ؟

زىرەك كىشىلەر غەزىپىنى بېسىپ ئۆزىنى تەبىئىي رە-
ۋىشتە تۇتىدۇ. ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ.

ئۈچىنچى، قانداق ئادەم باي ئادەم ھېسابلىنىدۇ؟

كەلگەن نېمەتكە شادلانغان، كۆكسى - قارنى كەڭ، مۇ-
ھەببەتلىك ئادەم باي ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ھەممىدىن بېخىل كىشى قايسى كىشىدۇر؟

ھەممىدىن بېخىل كىشى كىشىلىك سالامغا ناقابىل، تەكەببۇر كىشىدۇر.

ۋەھىب ئىبنى مۇنەببى دېگەن كىشى ئەقىلنىڭ پەزدلەتلىرى توغرىسىدا شۇنداق دەلىللەرنى بايان قىلغان ئىدى.

ئەقىلنىڭ نىشانىسى شۇكى، ئۇ كۆرگەن ھەرقانداق نەرسىسىنى ئىبرەت قىلىدۇ. مەيلى ئۇ پايدىلىق بولسۇن ياكى پايدىسىز بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يېڭى ئەقلىي بىلىم ئالىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەقلى ئەينەككە ئوخشايدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئاشۇ ئەينەكتە كۆرىدۇ.

«ئاقىلنىڭ كۆزى باتىنىدا بولۇر، جاھىلنىڭ كۆزى باشىدا بولۇر» ئاقىلنىڭ نىشانلىرىنى دانىشمەنلەردىن سورايلى. ئۇ نىشانلارنىڭ بىرى شۇكى، ئاقىل كىشى جاپالىق كېلىدۇ. يەنى، ئۆزىدىن كىچىك ۋە ئاجىزلارنىڭ جەبرىنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدۇ. ئىككىنچى، خەلققە كەمتەرلىك ئىپادە قىلىدۇ. خەلقنىڭ مەنىۋى غەملىرى ئۈچۈن ھەمىشە ئىنزىتراپتا تۇرىدۇ. جاھىللاردىن يىراق بولىدۇ. ئۆز سەۋەنلىكلىرى يۈزىسىدىن تولا ۋەھىمە يەيدۇ. ھەر بىر سۆزىنى ئوبدان خىيال قىلىپ ئېغىزىدىن چىقىرىدۇ. زىيانلىق سۆزنى دېمەيدۇ.

ئاقىللارنى ئۈچ تەركىبتە تەرىپ قىلدى. بىرىنچىسى، ئاقىللار، ئىككىنچىسى يېرىم ئاقىللار، ئۈچىنچىسى، ئەسلىيتى ئاقىل ئەمەسلەر.

ئاقىللار ئالىملاردىن ئۆگىنىپ، ياخشى ئەمەل ۋە ياخشى تەرتىپتە بولىدۇ. جاھىللار بولسا ئۆزى ھەم بىلمەيدۇ، بىلگەنلەرنىڭ سۆزىگە ھەم پۈتمەيدۇ. ئاقىللار پىسقى - پۇچۇرلاردىن خالىي تۇرىدۇ. ئورۇنسىز گەپ قىلمايدۇ، دوستىغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوخشاش سادىق ۋە قىزغىن بولىدۇ. ئۇنى گۇناھلىق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھەركىمنىڭ تائاملىرىغا بېرىۋەرمەيدۇ. كىشىنىڭ زىيىنىنى خالىمايدۇ. يالغان لەۋزى قىلمايدۇ. ئۆزىنى زەپەردەس ئەمەس، خامۇشراق تۇتىدۇ. ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ يەنە بىراۋغا زىيان سالمايدۇ، ھارام خالىمايدۇ، ھالالغا قانائەت قىلىدۇ. مەزلۇمەسىنى ئۆز ھالالىدا تۇتىدۇ. تەبىئەتتە خۇشخۇي بولۇپ، غەزەپلىك بولمايدۇ. تاپقىنىغا ئارتۇقچە شادلىنىپ كەتمەيدۇ. تاپالمىغىنىغا غەمكىن بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۆزى نەھالدا بولسۇنكى، ئۆز ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كۆكسى كەڭ، مېھماندوست بولىدۇ.

دۇنيادارغا پۇكۇلۇپ كەتمەيدۇ. پېقىرلارغا خەير - ئېھسان قىلىدۇ. ئۇيقۇغا تولا بېرىلىپ كەتمەيدۇ. غەيۋەتكە ئارىلاشمايدۇ. ئاچچىق - ھاياجانلىرىنى باسالايدۇ. زۆرۈرىيەتسىز ھالدا بازارغا بارمايدۇ. ئۆي بىساتىغا ھەشەم قىلمايدۇ. يۇرت - ۋەتىنىدىن، ئەقرىبالىرىدىن، قوشنا - قېرىنداشلىرىدىن بىزار بولمايدۇ، ئەيىب ئەتمەيدۇ. پاھىشە - زىنالارغا يولىمايدۇ. ھەمىشە شېرىن قەلبكارلىق بىلەن سۆزلەيدۇ. ئىشنىڭ ئاۋۋال ۋە ئاخىرىنى كۆزلىيەلەيدۇ.

يېرىم ئاقىللار بولسا راستلىق ۋە دۇرۇسلۇق بارىسىدە گەپ قىلىدۇ - يۇ، ئەمەل قىلمايدۇ. ئىلىمنىڭ پەزدلەتلىرىنى بىلىدۇ. ئالىملارغا ئىززەت قىلمايدۇ ياكى تىلىدا ئىززەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپ دىلىدا ناقايىل بولىدۇ. ساخاۋەت ۋاقتىدا سېخىي بولالمايدۇ. مەزلۇمەسىنىڭ ھالال - ھارامىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ. دوستلىرىنى ئەل ئارىسىدا ئىززەت قىلىدۇ. خىلۋەتتە بولسا دەشنام قىلىدۇ. تائەتنى گاھى قىلىپ، گاھى قىلمايدۇ. مۇنداقلارنى يېرىم ئاقىللاردىن ھېسابلايمىز.

ئەسلىي ئاقىل ئەمەسلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار ھەر داۋام ئەل بىلەن ئاداۋەتتە تۇرىدۇ. ئەتراپىدىكىلەرگە زىيان كۆزلەپ ماڭىدۇ. بەشىرىسى تەكەببۇر، ئۆزىنى ئادىل، باشقىلاردىن ئۈستۈن ھېسابلايدۇ. پاساتقا يۈگۈرەيدۇ. ئۆز ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ. راستىنى قويۇپ يالغانىنى سۆزلەيدۇ. ھالال - ھارامنى پەرق قىلمايدۇ.

«زىلچا بىلەن گىلەمنى مۇكەررەمە، ئالتۇن بىلەن دىرەمنى مەدىنە» دەپ بىلىدۇ. خوتۇن - بالىلىرىغا تەربىيە ۋە قائىدە - يوسۇن ئۆگەتمەيدۇ. ئۇلارغا نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۆمرى ئەزىزىنى ھەمىشە غاپىللىق ۋە مەئىشىيەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. مانا مۇنداقلارنى ئەقىلسىز، جاھىللاردىن ھېسابلايمىز.

ئاقىل بولساڭلار ئاڭلاڭلار! ئىبادەت ئىلىم بىلەن كامال تاپىدۇ. ئىلىمسىز ئىبادەت بىھۇدە رەنج تارتىشتۇر.

ئىلىم بولۇپ ئەقىل بولمىسا، ئۇ ئىلىم يەنە بىھۇدىدۇر. هەزرىتى ئىلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇ ئېيتىپتۇر: كىشىنىڭ ئەقلى 28 يېشىدا تامام بولىدۇ. ئاندىن كېيىن كۆپ ۋە هەرقىسمى نەرسىلەرنى كۆرە ــ كۆرە تەجرىبە قىلىپ خۇش پەھىم ۋە زېرەك بولىدۇ. خۇددى مېۋىلەر كامالىغا يەتكەنچە تاتلىق بولۇپ كەتكىنىدەك.

## سېخىيلىقنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

كىشىلىك ئالەمدە سېخىيلىقنىڭ نىشانىسى شۇكى، بار ــ هازىرنى هاجەتمەنلەردىن ئايىماسلىق، پېقىرلارغا رىزقى بەرگەندە ئۆزىنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى هەرگىز خاتىرىسىگە ئالماسلىق، تەسەددۇق قىلۇردا هاجەتمەننى دوست ياكى دۈشمەن دەپ ئايرىماسلىقتۇر.

ئەھلى كىراملار ئەگەر سەدىقىنى خۇدا رىزالىقى ئۈچۈن قىلارمەن بولسا، پېقىرنىڭ ياخشى ــ يامىنىنى ئايرىمىسۇن. بايمۇ، پېقىرمۇ، دوستمۇ ياكى دۈشمەنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىسۇن. مانا مۇشۇنداق هېچقانداق شەك ئارىلاشتۇرماي قىلىنغان سەدىقە ھەققىي مەقبۇللۇق سەدىقىدۇر، دەيدۇ. سەدىقە هاجەتمەننىڭ هەر قانداقىغا، هەرقانداق بىر خارغا ئوخشاشلا راۋادۇر. ئۇنىڭ ئېتىقادىنى، تىلىنى، رەڭگىنى ۋە باشقىلارنى ئارىغا سېلىش سەدىقە مەزمۇنىغا دۇرۇس ئەمەس.

مۇرۇۋۋەت دۇنياسىدىن مۇنچە هېكمەتلەر قالدۇرۇلۇپتۇ. مەسىلەن، كىشى قانداق كىشىلەرنى قىيامەتلىك دوست دەپ بىلسە بولىدۇ؟ ئۇ كىشى ئۈچ مەھەلدە دوستلۇقتا يارىسۇن. بىرى، ئەگەر سەن قائىدىگە خىلاپ ئىش قىلىپ قويساڭ سېنى نەسىھەت قىلىپ توغرا يولغا ئۈندىسە، يەنە بىرى، ئاغرىپ قالغاندا ياكى بىرەر بالاغا گىرىپتار بولغاندا يارىۋەرلىك قىلسا، يەنە بىرى، نامرات بولغاندا مەردلىك، دەستگىرلىك قىلسا، ئۇ كىشى سەن ئۈچۈن ئاخىرەتلىك دوست بولۇپ بارىدۇ.

هاياتلىق نەتىجىسىدە كىشىلەر بىر ــ بىرى بىلەن ئىككى ئالەملىك دوستلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بىر ــ بىرى بىلەن بار چاغدىمۇ، يوق چاغدىمۇ ھەمىشە بىر هالدا بولسا، هەرخىل (چاقچاق) ۋە سۆز تالاش ــ تارتىشى قىلمىسا، خىيانەت قىلمىسا، بىر ــ بىرىنىڭ قەلبىگە ۋە غۇرۇرىغا سادىق بولسا، بىر ــ بىردىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز پەرزەنتىدەك بىلىشسە، بىر ــ بىرىنىڭ بار ــ يوقىدا ئەھلى ئاياللىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلسا، بىر ــ بىرىدىن شۈبھە قىلمىسا، ئارىدىكى سۆز توشىغۇچىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىسا، بىر ــ بىرلەرىدىن سىرلىرىنى مەخپىي تۇتۇشمىسا... مۇنداق دوستلارنى ئىككى ئالەملىك دوستلار دېسە بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئارىلىرىدىكى دوستلۇق غەرەزلىك، تەمەلىك بولۇپ قالىدۇ. غەرەزلىك دوستلارنىڭ ئاقىۋىتى خارلىق ۋە دۈشمەنلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

هەزرىتى ئىبراهىم ئەدھەم بىر كۈنى ساتىراشخانىدا چېچىنى ئالدۇرۇپ بولۇپ ئۇستا كىشىگە بىر نەچچە ئەشراپ پۇل بەردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بىر كىشى، ئەي خوجا، بەرگىنىڭىز ئارتۇق بولۇپ كەتتى، ساتىراشقا مۇنچە پۇل بەرمەك ئادەت ئەمەس ئىدى، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خوجا مۇنداق دېدى: «مۇرۇۋۋەتنىڭ مەنىسى رازىلىقتۇر. كىشىدىن كىشىگە مۇرۇۋۋەت يەتمىسە ئىنسانلار ئارىسىدا مېھىر ــ شەپقەت ئويغانمايدۇ. بىلگىنكى دۇنيانىڭ قەدرى ــ قىممىتى ئۇنى هالال ئادەملەرگە پەدا قىلىشتۇر. ئەگەر كىمدە كىم ئۆزىگە قەدىر ــ قىممەت ئىزدەيدىكەن ئۇ كىشى پۇل ــ ماللىرىنى ئۇ قەدەر ئەتىۋار تۇتۇپ كەتمىسۇن. ئەگەر كىشى ئۆزىدىكى پۇل ــ مالنى هالال ئادەملەرگە، توغرا يوللارغا سەرپ قىلسا، ئۇ خىل مال ــ دۇنيا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ساۋابىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ»

هېكايەت: بىر كۈنى بىر زاهىت كەئبىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر كىشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىشى كەئبىگە قول ئۇزىتىپ: «ئىلاهە، بۇ ئۆيىنىڭ هەققى ــ هۆرمىتى ئۈچۈن گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغىن» دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقۇدەك، زاهىت بۇنى كۆرۈپ: «نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ هەققى ــ هۆرمىتى دېمەيسەن، مۇئمىننىڭ شاراپىتى تەڭرى ئالدىدا ئۇلۇغ ئەمەسمۇ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى: «ئەي كىشى، گۇناھىم بەك تولا» دەپ تۆۋەنچىلىك قىلدى. زاهىت يەنە سورىدى: «گۇناھىڭ تاغدىنمۇ تولامۇ؟»، «گۇناھىم تاغدىنمۇ تولا». «دەريادىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟»، «ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە». «پەلەكتىنمۇ ئېگىزمۇ؟»، «پەلەكتىنمۇ ئېگىز». زاهىت يەنە سورىدى: «گۇناھىڭ تولىمۇ ياكى خۇدانىڭ مەغپىرىتى تولىمۇ؟»، «ھەقتائالا-

نىلىڭ مەغپىرىتى تولا، ئەمما مېنىڭ گۇناھىممۇ تولا». زا-
ھىت يەنىمۇ ئۇچۇق قىلىپ سورىدى: «سېنىڭ گۇناھىڭ
قايسى؟» ھېلىقى كىشى جاۋاب بەردى: «ئەي كىشى، بۇنى
سورىدىڭ، مەن شۇنداق بىر كىشىكى، بىر كىم ھاجەت
تىلەپ قېشىمغا كەلسە يۈزۈمگە ئوت تۇتاشقاندەك كۆرۈ-
نىدۇ». بۇنى ئاڭلاپ زاھىتنىڭ يۈرىكى شۈركۈنۈپ كەتتى
ۋە ئېيتتى: «ئەي كىشى، مەندىن يىراقراق تۇرغىن، سېنىڭ
شۇملۇق ئوتۇڭ مېنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن» ئەي خالا-
يىق، بىلدىڭلارمۇ پىخسىق دېمەك ئوت دېمەكتۇر. ئۆزى
بىلەن كۆيۈپ تۈگەيدۇ. سېخىي دېمەك قۇياش دېمەكتۇر.
ئۆز سېخىيلىقى بىلەن يەر - جاھاننى نۇرلاندۇرۇپ ھا-
ياتلىق بەخش ئېتىدۇ.

كىشىلەرنى سۆيۈش ۋە دوست تۇتۇشمۇ سېخىيلىق
جۈملىسىدىندۇر. بىر - بىرىنى دۈشمەن تۇتۇپ دۇنيادىن
ئاداۋەت بىلەن كەتكەنلەرنىڭ ھالىنى نېمە دېگۈلۈك؟

بىر مۆمىن سەندىن قەرز تىلىسە، قەرز بەدىلىگە سەن
ئۇنىڭدىن نەپ تەلەپ قىلساڭ، ھاجەتمەن سېنىڭ ئالدىڭدا
نائىلاجدۇر. خەيرىيەت، ئۇ ساڭا ئارتۇق نەپ بىلەن قەر-
زىنى ياندۇردى. لېكىن ئارىدىكى نەتىجە ساڭا ئاسان،
ئۇنىڭغا مۈشكۈل.

ئەڭ ئۇلۇغ سېخىيلىق نېمە؟ ئۆزى ئەڭ ئارزۇلايدى-
غان، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسنى ئېھتىياجمەنگە بەر-
مەكتۇر. بىر ھاجەتمەن سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر
نەرسەڭنى تىلىدى. خۇددى ھاتەم كەبى سەن ئۇنى تۆھپە
قىلدىڭ. ئۇ چاغدا ئۇ كىشى سەندىن بىر ئۆمۈر دېگۈدەك
خۇشال بولىدۇ. ئۇنىڭ مەمنۇنلۇق تىلىدىن سەن مىڭلارچە
كىشىنىڭ دىلىغا سېخىيلىق نۇرىنى چاچقان بولىسەن.

ھەزرىتى لوقمان ھېكىم بۇ ئالەمدە ھەرقانداق بىر
سۆز دېسە ھېكمەتتىن سۆز دەيتتى. خالايىققا ئەڭ يېقىملىق
ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى بېرەتتى. گەرچە لوقماننىڭ تىلى
شۇنچە توغرا ۋە شېرىن بولسىمۇ، كۆڭلەردىن بىر كۆڭۈل
شۇنداق بىر نىدا ئاڭلىدى: «ئەي لوقمان، گەرچە سەن
ھەرنە دېدىڭ، ھېكمەت بىلەن دېدىڭ، بۇنى بىلدىم.
شۇنداقتىمۇ ئاز سۆزلىگىنىڭ ياكى سۆزلىمىگىنىڭ خوپراق
ئىدى». لوقمان ھەزرەت تولا خىجالەت بولدى. ئۇ قانا-
ئەت بىلەن شۇنداق ھېس قىلدىكى، توغرا، ھېچ ئىش ئاز
سۆزلەشتەك خوپ ئەمەستۇر. گەرچە بۇ ئادەمگە ئېغىر

كەلسىمۇ، لېكىن تىل كاجلىقىدىن كەلگەن رەنجىدىن ئېغىر
ئەمەس.

ئادەمنىڭ ئەقلىلىقراقى تىلىنى بەدەن زىندانىغا مەھ-
كەم سالغان كىشىدۇر. چۈنكى، ئاللاتائالا ئېغىزنى تىلنىڭ
زىندانى قىلىپ ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى قانات ئىشىك
ئورناتتى. ئاستىن - ئۈستۈن ئورنىتىلغان چىشلار ئەنە شۇ
ئىككى ئىشىكتۇر، گەپ قىلماقچى بولغاندا ئۇ ئىشىكلەرنى
مەھكەم قىلساڭ تىلنىڭ كاجلىقى سېنى ھالاكەتتىن يىراق
قىلىدۇ.

ئاز سۆزلۈك بولاي دېسەڭ ئىككى قۇلىقىڭنىڭ رولىنى
ئوبدان باشقۇرغىن. خەلق ھەر نەرسە دېسىمۇ سەن ئاڭ-
لىمىساڭ، ئارتۇق بىر سۆزدىن قالغان بولىسەن، سەندىن
كەتكەن بىر ئارتۇق سۆز قۇلاقلار ئارقىلىق تارقىلىپ
سېنى نېسىپ نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ.

تولا سۆزلۈك كىشىلەر ئەينى كېچىلەردە تەمەچ تەر-
گەن كىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، كېچە تەمەچ تەرگەن
كىشىدە ئەندىشە ۋە قورقۇنچ بولغان، ئىشلىرىدا ئەمنلىك
بولمايدۇ.

سۆزنىڭ دەرىجىسى ۋە خوپلۇقى توغرىسىدا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەندىن ئىشەنچ ۋە ئەقىدە تەلەپ
قىلسا (ھەق تەرەپتىن سۆز سورىسا) ئۇنىڭغا ياخشى ۋە
ھەق سۆزلەرنى ئېيتقىن، بولمىسا شۈك تۇرغىن» دەپ
ئېيتقاندى. كىمكى تىلىنى چىڭ تۇتسا، ئامان ۋە سالىم
بولغاي، سۆزنىڭ ئازلىقى ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ۋە زىنىن-
تىدۇر. زالىملارنىڭ ئەيىبى بولسا، مانا بۇلارنىڭ ئەكس
ھالىدا كۆرۈنمەكتۇر.

ھەرھالدا ئادەم گاھى ئاڭلىسۇن، گاھى كۆرسۇن، تىل
ئۇقتىسىنى تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت قىلسۇن، ئىززەتكە
مۇيەسسەر بولىدۇ. بىھۇدە سۆزدىن كىشىلەر قاچان ۋە
قايسى جايدا نېمە پايدىلارنى كۆرگەن؟!

بۇزرۇكلارنىڭ تەلىملىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاەملەر،
بولۇپمۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاقىلراق ئادەملەر ئۆز
ئىختىيارىنى تولاراق پىنھانىغا مەيىل قىلىشى لازىم. پىنھاندا
كىشى ئۆز ئەقلىنى كۆپرەك ئىشقا سالالايدۇ. تائەت - ئە-
مەللەرگە، بولۇپمۇ ئىلمىي تەپەككۇرلارغا ۋاقىت ۋە زېھىن
ئاجرىتالايدۇ. بىھۇدە نەرسىلەرگە كۆزىنى، بىھۇدە پاراڭ-
لارغا قۇلىقىنى، گۇناھلىق سۆزلەرگە تىلىنى سەرپ قىل-

تۇلپار كىتاب بوزبېكتى
www.tulparkitap.com



مايدىغان بولىدۇ. ئەي ئادەملەر، ئىززەت تاپاي دېسەڭلار، پەزىلەت ئىزدەي دېسەڭلار جەرىستانىغا خۇمار بولماڭلار. جېدەل ـ مۇنازىرىگە بارماڭلار، ھارام ۋاقىت، ھارام تائام بولماڭلار. ئوقۇڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، سۆز ئورنىغا كىشىلەرگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىڭلار، مۇھەببەتلىك ئەمەل بەخش ئېتىڭلار.

### خۇشخۇيلۇقنىڭ شەرىپى ۋە بەتخۇيلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا

تەبىئەتتە رىياگەرلىك بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەر ئۆز بەختىگە ئۆزى دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىدىن تەقدىر ئۇلارنى جىمى ئىش ئەمەللىرىدە مۇرادسىز قالدۇرىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۆزىنى رىيادىن ئاگاھ تۇتسا، رىيانىڭ ئورنىغا چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ، مۇرۇۋۋەتلىك ئىشلارنى قىلسا، ئۆز مۇرۇۋۋەتتىنىڭ پەرۋىشى بىلەن غەمسىز، دۈشمەنسىز ۋە سائادەتمەن بولۇپ ئۆتىدۇ.

كىشى رىزقىدىن تەمەدە بولماڭ، كىشى بەختىگە خىيانەت ئويلىماڭ. ئىنسان غۇرۇرىغا غەيۋەتتە بولماڭ، كىبىر قىلماڭ، بەدەھيۋەت ۋە بەتخۇيلۇق بولماڭ. پەرھىزكارلىقنىڭ ئەڭ كۆپ ئاگاھلىرى مانا مۇشۇلار. لېكىن پەرھىزكارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ بۇرچىدۇر. پەقەت ئۇزىنىڭ ھالى ئۇچۇن: پەرھىزكارلىق قىلسا ئۇ كىشى ھەقىقىي ياخشىلىق دەرىجىسىنى تاپالمايدۇ. بەلكى ئۆز نەپسىنىڭلا پەرھىزكارى بولۇپ قالىدۇ.

كىشىلەر قەلبىگە ئەڭ مەنزۇر كېلىدىغان پەرھىز تەۋەززۇ بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. تەۋەززۇ پەرھىزگە زىننەت ۋە رىۋاج بەخش ئېتىدۇ.

تەۋەززۇ كىشىلىك سۈپىتىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى بولۇپ، بارلىق خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئادەت بولمىقى ئاسان ئەمەس. رىيادىن يارىغ بولماي تۇرۇپ تەۋەززۇغا يول ئېچىلمايدۇ.

ئەگەر كىشى نەپسىنىڭ كوچىسىغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ كىبىر تەمەننادىن خالىي بولۇشى تەس. چۈنكى، دۇنيادارلىدىن تەكەببۇر بولمىغانلىرى بۇ دۇنيادا ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن.

ئادەمگە ھەممە ياخشىلىق خۇشخۇيلۇقتىن يېتىدۇ.

ھەركىمكى تەبىئىتىدە بەتخۇلۇق بولسا قىلغان ھەرقانداق ئەمەللىرىدىن مەنپەئەت كۆرەلمەيدۇ.

كىشىلەر ئۇلۇغلارنىڭ بىرىدىن سوراشتى: «ياخشىلارنىڭ ئۇلۇغراقى قايسى كىشىدۇر؟» ئۇ كىشى ئۇلارغا: «ياخشىلارنىڭ ئۇلۇغراقى خۇشخۇي كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەگەر بىر كىشىگە تەۋفىق مەنزۇر بولۇپ، باشقىلارغا مەنپەئەت ـ مادار يەتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن بولسا ۋە بەلكى بۇ كىشى شۇ ياخشىلىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە باشتىن ـ ئاياغ خۇشخۇي ۋە مىننەتسىز (رىياسىز) بولسا، قېنى ئېيتىپ باقايلى ئۇ كىشى نېمە دېگەن بەختلىك.

كامالەت ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ياخشى خۇلق ۋە ياخشى تەبىئەتلىرى بىلەن كىشىلەرگە خۇشخۇيلۇقنى ئۆگەتتىدۇ ۋە شۇ شاراپەتلىرى بىلەن يەنە كىشىلەرنىڭ بەتخۇيلۇقىنى تۈگىتىشكە يول كۆرسىتىدۇ.

بۇزۇق ماددا ھەسەلنىڭ لەززىتىنى يوق قىلغاندەك، بەتخۇيلۇقمۇ كىشىنىڭ قىممىتىنى يوق قىلىدۇ.

ھەممە گۇناھلارغا توۋا ـ ئىستىغپار باركى، لېكىن بەتخۇيلۇققا يوق. ئەگەر بىر كىشى باشقا گۇناھلىرىغا توۋا قىلمىسىمۇ، ئۆزىدىكى بەتخۇيلۇققا ئېچىنسا بىر كۆپايىگە ئېرىشىدۇ.

بەتخۇيلار ئۆز ئەينىدە بەختسىزلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ شۇملۇقى تۈپەيلىدىن ئۈمىدتىن ۋە بارچە رەھمەتتىن مەھرۇم يۈرىدۇ.

خۇشخۇي كىشىنىڭ تىلى غەيۋەت ۋە يالغاندىن يىراق تۇرىدۇ. ئاندىن قالسا ئۇلارنىڭ نەپەسلىرى ھامان ياخشى سۆزگە رىغبەت بېرىپ، ھەر ۋاقىت ۋە ھەرجايدا شېرىنلىك بىلەن كىشى كۆڭلىگە مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە شادلىق بەخش ئېتىدۇ.

كىشىلەردىكى خۇشخۇيلۇق ھەممىدىن ئاۋۋال كىملەرگە مەلۇم بولىدۇ؟ ئىنساننىڭ خۇشخۇيلۇقى ئەڭ ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىغا، خوتۇن ـ باللىرىغا ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىغا مەلۇم بولىدۇ.

ئۇنداق ئىكەن خۇشخۇيلۇقنىڭ قوشنىلارغا بېغىشلانغان نىشانىسى نېمە؟ خۇشخۇيلۇقنىڭ قوشنىلارغا بېغىش-

لانغان نىشانىسى ئۇلارنى ئەمىن ۋە خۇش قىلىشتۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى يۇقىرى بىلىش، دىللىرىغا ئازار بەرمەسلىك، رەنجى ـ مۇشكۇللىرىنى تەڭ تارتىش ۋە ئۇلارغا ئىشەنچ بېغىشلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلارغا بېغىشلانغان خىزمە- تنى ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى بىلەن باراۋەر دەپ كۆرسەتتى ۋە «قوشنىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ھۆرمىتىدەك تۇتماق كېرەك» دەپ ئېيتتى. ئەگەر قوشنىنىڭ ھۆرمىتى ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك بولمىغان بولسا، قوشنىنىڭ ھەق- قىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى بىلەن باراۋەر قىلماس ئىدى.

بەختىيلىقنىڭ ئەڭ ئېغىر نىشانى ـــ ھەممىشە دەرغە- زەپ بولماقتۇر. بەختىيلارنىڭ غەزىپى كىشىنىڭ قەلبىگە خۇددى ئۇلۇمدەك زەربە بېرىدۇ، يۈرىكىگە خەنجەردەك تىغ ئۇرىدۇ.

ئاچچىق يۇتماق خۇددى قان ۋە يىرىڭ يۇتقاندىنمۇ ئېغىر ۋە مۇشكۇلدۇر. ياخشى خۇلقلۇق كىشى بولسا، ئا- شۇنداق زەھەرلىك ئاچچىقنى يۇتالايدۇ.

ئۆزۈڭنىڭ يامان پەيلىنى بىلمەي ھەركىمنى يامان دېمىگىن. ئۆزۈڭدىن كۆرگىن. ئۆز نەپسىڭنىڭ شورىدىن گۇناھسىز بىر كىشىنى دۈشمەن بىلىپ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئۇۋال قىلمىغىن.

ھەر كىم خۇشخۇي ۋە شېرىن سۆزلۈك بولسا، ئەھلى ئالەم ئۇنىڭغا ئاشىق ۋە دىلبەر بولۇپ كېتىدۇ.

دوستلۇقنىڭ يولى شۇكى، بىركىم ساڭا جاپا قىلسا، ئەكسىچە سەن ئۇنىڭغا ۋاپا قىلغىن. ئۇنىڭ بەدىلىگە سەن ياخشى سۆزلەرنى ئېيتقىنكى، ئۇ ساڭا دوست بولۇپ قال- سۇن.

ھېكايەت: بىر كىشى بىر كۈنى ئەبۇ ھۇرەيرەگە سوخەنچىلىك قىلىپ، پالانى سىزنى يامانلاۋاتىدۇ، دەپتۇ. ئەبۇھۇرەيرە بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى كىشىگە دەپتۇ: «مېنى يامانلىغان كىشى ھەرقاچان ياكى مەن بىلەن باراۋەردۇر، ياكى مەندىن ئوبداندۇر ياكى بولسا مەندىن كەمدۇر. ئەگەر مەندىن ئوبدان بولسا، مەن ئۇنىڭدىن باراۋەرلىك تالاشمايمەن. ئەگەر مەندىن كىچىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن باراۋەرلىك قىلماق ماڭا مۇناسىپ ئەمەس. ئۇ ئۇنى دەپتۇ دەپ مەن بۇنى دېمەيمەن. ئەگەر مېنى دېگەن بولسا، مەن ئۇنى ئۆز ھالىغا قويىمەن، مېنىڭ پەزىلىتىم زىيادە قالىدۇ. ئۇ ئاڭلىسا ھەم بىر پەزىلەت ھاسىل قىلىۋالالاي- دۇ».

ھېكايەت: كىشىلەر ئىبنى ئاسىپتىن سوراشتى: «ھەز- رەتلىرى، مۇنچە ئالىي تەبىيەتنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟» ئىبنى ئاسىپ ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەردى: «بۇ تەبى- يەتنى مەن ئاتامدىن ئۆگەنگەن. چۈنكى ئاتامنىڭ خۇش- خۇيلۇقى شۇ قەدەر ئىدىكى، بىر كۈنى داستىخاندا غىزا يېيىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئاتامنىڭ قېشىدا مەندىن باشقا يەنە بىر كىچىك ئىنىممۇ بار ئىدى. خىزمەتچى قىز تەخسىگە لىق كەلتۈرۈلگەن قىزىق زىخ كاۋىپىنى ئېلىپ كىردى. قانداق بولدى، كۈتۈلمىگەندە ھېلىقى كاۋاپتىن بىر قاد- چىسى قىزنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئىنىمنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ قالدى. ئىنىم شۇ ھامان بىھوش بولۇپ ياتتى. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەن قىز تولا قورقۇپ ئىزتىراپ بولدى. بۇنى كۆرگەن ئاتام قىزغا قاراپ: «ئەي قىزىم، قورقمىغىن، بۇ ئىش سەندىن ئەمەس، شەيتاندىن بولدى. سەن شۇ ھالدا مېنى غەزەپ قىلىدۇ، دەپ قورقۇۋاتامسەن، مەن ساڭا ئاچچىق قىلسام ئاسىي بولىمەن. ئۆزۈڭنى ئازاد تۇتۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. شۇنىڭدىن بېرى ئا- تامنىڭ ئاشۇ خىل خۇشخۇي پەزىلىتى ۋۇجۇدۇمدا نەقىش بولۇپ مەڭگۈلۈك قالدى».

«ئەقىل ئىلىم» ناملىق قولىيازمىدىن تەييارلىغۇچى:
**مەتقاسىم ئەكرەم**


**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىل- لىق سانلىرىدىن 2005 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچىلار: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتتىمىن**

تېلېفون: 8914609، 8177315، 4554017 (0991)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com



# كىيىم . كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىكى پوتا باغلاش ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۆزىگە خاس بولغان كىيىنىش ۋە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھەم بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، ھەم بەدەننى زىننەتلەشتەك ئېستېتىك تەلەپنىمۇ قاندۇرالايدىغان بىر قىسىم يارقىن مىللىي خاسلىققا ئىگە كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇر ئەرلىرى ۋە يىگىتلىرى ياقتۇرۇپ باغلايدىغان پوتىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پوتا بەلۋاغنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ھەر خىل رەڭدىكى يىپ ۋە يىپەك رەختلەردىن ئىشلىنىدىغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن كۆپرەك، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان، بەلگە باغلىنىدىغان رەخت بولۇپ، پوتا باغلاش ئادىتى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى كىيىم ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان.

پوتا شەكىل جەھەتتىن خالتا پوتا ۋە تۈز پوتا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. پوتا يەنە توقۇلىدىغان ماتېرىيالىغا ئاساسەن يىپەك پوتا، بوز پوتا، يۇڭ پوتا، بەلۋاغلىق ۋە ئۆرۈمە توقۇلما بەلۋاغ دەپ بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە پوتا باغلاش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىمۇ بەلگە باغلىنىدىغان نەقىشلىك كەمەر ۋە پوتا بەلۋاغلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم» ① . تارىخىي رومان «سوتۇق بۇغراخان»دا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزا-

دىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كىيىنىشنى تەسۋىرلەپ: «ئالتۇن توقلىق، كەڭلىكى تۆت ئىلىك كېلىدىغان يىپەك بەلۋېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كۈمۈش قىنلىق، ئۈچ ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى...» دېيىلگەن.

پوتىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بولۇشى ۋە ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ باغلىشىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پوتىنىڭ رولىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) پوتا بەلنى ئىسسىق تۇتۇپ بۆرەككە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. «ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى كىيىمى ئاساسەن ئالدى ئوچۇق تون شەكىللىك كۆڭلەك ياكى تون بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭغا ئىزما ياكى تۈگمە قادالمايدۇ. شۇڭا تەبىئىي ھالدا بۇ كىيىمنى بەلدىن پوتا بىلەن باغلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ» ③ . بەلنى پوتا بىلەن باغلىۋالغاندا بەلنى ئىسسىق ساقلاپ، ئۆزگىرىشچان ھاۋارايى تۈپەيلىدىن ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشى پوتا باغلاش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

(2) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچ سىنىشىش ئويۇنى چېلىشىشتا پوتىنىڭ رولى تولىمۇ چوڭ بولۇپ، چېلىشىش مەيدانىغا چۈشكەن ئىككىلا يىگىتنىڭ بېلىگە پوتا باغلانغان بولىدۇ. چۈنكى، پوتا بىلەن بەلنى چىڭ باغلىغاندا ئاندىن پۈتۈن بەدەندىكى كۈچنى يىغقىلى ھەم پەي تارمۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ قورساق قىسمىنىڭ چىققىلىپ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پوتا ئادەتتە قورساقنى سىقىپ تۇرغاچقا، قورساق سېلىپ كېلەڭسىز سەمرىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(3) پوتا ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن داستىخان، جايناماز ۋە ھەمياننىڭ رولىنىمۇ ئۆتىگەن. ئەجدادلىرىمىز سەپەر ياكى ئەمگەككە چىققىنىدا بەقەسەم تون ۋە يىپەك يەكتەكلىرى ئۈستىدىن پوتا باغلاپ، پوتىسىغا ئۆزىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە نانلىرىنى تۈگۈۋالاتتى ھەمدە دالىدا، ئىش ئورنىدا ئاش ـ تاماق يېگەندە پوتىسىنى يەرگە داستىخان ئورنىدا سېلىپ غىزالىناتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا «تۇز تەمى بار تائاملارنى چېچىپ ئىسراپ قىلىۋەتمەي، داستىخان سېلىپ يېسە رىزقى كەڭرى، تاماق بەرىكەتلىك بولىدۇ» دەيدىغان قاراش بار ئىدى.

ئەجدادلىرىمىز بەزىدە سەپەر ئۈستىدە ياكى مەسچىت يوق جايلاردا ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلسە ئۆزىنىڭ پوتىسىنى جايناماز ئورنىدا ئىشلىتەتتى. پوتا يەنە بەزىدە پۇل ـ ئاقچىلارنى سالىدىغان ھەميان سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. چۈنكى پۇلنى پوتىغا تۈگۈپ ساقلىسا ناھايىتى بىخەتەر بولاتتى.

پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتى ۋە ئېستېتىك تەلىپى بىلەنمۇ زىچ باغلانغان. ئۇيغۇر ئەرلىرى ۋە يىگىتلىرى پوتا باغلاشنى ئەرلەرگە خاس بىر خىل مەردانىلىك ۋە چەبدەسلىكنىڭ نىشانى دەپ بىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئەر كىشىنىڭ بېلى قاپلانىڭكىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك، ئۆزى بۆرىدەك بولسا، كېلىشكەن، چەبدەس ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يىگىتلەر ئۆزىنى كۈچتۈڭگۈر، مەردانە، قاۋۇل كۆرسىتىش ئۈچۈن بېلىگە پوتا باغلايتتى. ئەرلەرنىڭ ياش پەرقىگە ئاساسەن بەلگە باغلىنىدىغان پوتىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە قىزىل رەڭ ـــ شادىخۇراملىقنىڭ، يېشىل رەڭ ـــ ياشلىقنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، ياش يىگىتلەر كۆپىنچە قىزىل، يېشىل ياكى گۈللۈك پوتىلارنى باغلاشنى ياقتۇرىدۇ. ياشانغانلار بولسا قارا رەڭلىك ياكى سىدام رەختلەردىن پوتا باغلايدۇ. ئىمام، شەيخ ياكى تالىپلار سۇترەڭ ۋە ناۋات رەڭلىك ياغلىق شەكلىدىكى پوتىلارنى باغلايدۇ. ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى بويتاق ئەرلەر بېلىگە سېرىق پوتا باغلايدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ بويتاق ئىكەنلىكىنىڭ ئىشارىتى. چۈنكى، سېرىق رەڭ ـــ غەمكىنلىك، روھسىزلىق، پەرىشانلىق ۋە خاپىلىقنىڭ سىمۋولى. تويى بولغان يىگىت توي كۈنى قىز يۆتكىگىلى بارغاندا بېلىگە قىزىل پوتا باغلايدىغان ئىش بىر قىسىم جايلاردا مەۋجۇت. يەنە ھازىدارلار ماتەم مۇراسىمدا بېلىگە ئاق پوتا باغلايدۇ. سىمۋول ئىنسانشۇناسلىقى( 象征人类学 ) ئىلمىنىڭ نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بەلگە باغلىنىدىغان پوتىنىڭ رەڭگى شۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرىدە قىز ـ يىگىت-

نى قوغلاپ، ئۇرۇپ ئوينىلىدىغان مەخسۇس پوتا ئۇسسۇلى بار. سورۇنلاردا ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىنى پوتا تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇسسۇلغا تارتىدۇ ھەمدە مەخسۇس پوتا قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا توي كۈنى، يەنى قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەن كۈنى كەچلىكى «چۈن ـ چۈن سالۋات» قوشاقلىرى ئېيتىلىپ بولغاندىن «كېيىن ‹پوتا ئويۇنى› ئوينىلىدۇ. ‹پوتا ئويۇنى›دا قىز ـ يىگىتلەر پوتىنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇشۇپ لەپەر شەكلىدە بېيىت ئېيتىشىدۇ. بېيىت ئارقىلىق تاكى بىر تەرەپ يېڭىۋالغۇچە ئويۇن داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇن ‹لەپەر كېچىسى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ» ④ . ئۇنىڭدىن باشقا باللار چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بىرسىنىڭ ئارقىسىغا سەزدۇرمەي پوتا تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن پوتا ئويۇنى ئوينايدۇ (بەزى جايلاردا «ياغلىق تاشلاش» ياكى «توقماق تاشلاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). قىزلار يىگىتلىرىگە ئۆزىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ۋە ئۆز يىگىتىنىڭ جاسارەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشقا بىلىنى چىڭ باغلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پوتا تەقدىم قىلىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى پوتىنىڭ شەكلى ۋە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ تەسىر قىلغان. «بۇددىزىم دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئەرلەرنىڭ بېلىگە پوتا باغلانغان كۆرۈنۈشلەر بولسىمۇ، ئۇ پوتىلارنىڭ شەكلى ھازىرقىغا ئوخشىمايدۇ» ⑤ قىياس قىلىنىشىچە، بۇددىزىم دەۋرىدىكى راھىبلارنىڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ باغلايدىغان كاسايىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پوتىسى ئىدى، دەيدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىش مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئېستېتىك ئېڭىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇشقا ئەگىشىپ پوتىنىڭ رەڭگى ۋە رولىدىمۇ بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن: پوتا بەزىدە جايناماز سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان پوتىلارغا مىسۋاك، پىچاقلارنى ئاسىدىغان، ھەرەمگە بارغان ھاجىلار پوتا ـ بەلۋاغلارنى سوۋغات سۈپىتىدە ئالغاچ كېلىدىغان بولدى.

قىسقىسى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. پوتا ھازىرچىق باغلانمىسىمۇ، يېزا ـ سەھرالىرىمىزدا يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «يېتىمنىڭ ئاتىسى يوق، بېلىدە پوتىسى يوق» دېگەن ماقال كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز ئىچىدىكى پوتىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ، ③ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 23 ـ ، 24 ـ 25 ـ بەتلەر.

② سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 5 ـ بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 131 ـ بەت.

⑤ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» 1993 ـ يىل 5 ـ سان، «36 ـ 37 بەتلەر) مۇھەممەد تۇرسۇن ھەسەن: «ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەلۋېغى ـ پوتا» ناملىق ماقالىسىدىن.

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپى 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

ئاپتورلار سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى




**«گۆھەر»گە ئايلانغان يىپەك ۋە يىپەك مەدەنىيىتى**

يىپەك، قاشتېشى ۋە گىلەم خوتەننىڭ ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم ئەنئەنىۋى ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىپ خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. خوتەن قەغىزى، خوتەن ئىپارى، خوتەن ياڭىقى، خوتەن قىزىلگۈلى، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ قەدىمدىن تارتىپ خوتەننىڭ يەراق - يېقىندا داڭقى بار يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇلار نېمە ئۈچۈن ھېسابنىڭ سىرتىدا قېلىپ، خوتەن يىپىكى «ئۈچ گۆھەر» قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ بېشىغا تىزىلدى؟ مېنىڭچە، بۇ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچىلا يىپەككە كىيگۈزۈپ قويغان تاجى ئەمەس، بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ، سۇبيېكتىپ تاللاشچانلىقمۇ بار.

### 1. يىپەكنىڭ خاسىيەتلىرى

ۋەزنىنىڭ يېنىكلىكى — يىپەك تالاسى ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ، ئادەتتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يىپەك تارتىشتا ھەر 20 _ 30 تال يىپەك تالاسى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر نەخ يىپ قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق يىپتىن توقۇلغان بىر كىيىملىك دەيياردىنىڭ ئېغىرلىقى ئاران 1.5 _ 2 سەر ئەتراپىدا بولىدۇ. يىپەكنىڭ ۋەزنىنىڭ مۇشۇنداق يېنىك بولۇشى ئۇنىڭ ئۇزاق مۇساپىگە يۆتكەپ سودا قىلىشقا ئەپلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن. خوتەن پەلەككە بوي سوزغان قاراقۇرۇم تاغلىرى بىلەن بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قورشاۋىغا جايلاشقان. قەدىمكى دەۋرنىڭ قالاق قاتناش شارائىتىدا خوتەندىن جاھاننىڭ قايسىلا تەرىپىگە كارۋان تارتىپ سودا قىلىشقا توغرا كەلسۇن، مۇقەررەر ھالدا نەچچە ئون كۈن، ھەتتا نەچچە ئايلاپ پايانسىز تاغ - ئېدىر، چەكسىز قۇملۇق دەشتلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئەھۋال خوتەندىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ۋەزنى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەرقانداق رايون، ھەرقانداق ئىنسانلار توپىنىڭ «توققۇزى تەل» بولۇپ، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. تۇرمۇش ئىجتىمائىيلاشقانىكەن، رايونلار، خەلقلەر ئارا ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە زۆرۈر بولىدۇ. بار - يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە فار - فۇر بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى، چاي قاتارلىقلار خوتەنگە يىپەك، قاشتېشى، گىلەم قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئايرىۋاشلاش ھېسابىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياج قامداپ كېلىنگەن. خوتەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ «چەت، ياقا» بولۇشىتەك ئالاھىدىلىكى خوتەندىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ۋەزنى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى بولۇشنى تەقەززا قىلسا، يىپەكنىڭ يېنىك، سانى چەكلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، يۇقىرىقى تەلەپكە ھەممىدىن باب كېلىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن، ئالماشتۇرۇلغۇچى تاۋارلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى بولۇشتەك ئورنىنى بەلگىلىگەن.

**كۆركەملىكى:** يىپەكنىڭ رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، بوياقنى تەكشى ئالىدۇ. ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپەك تالاسى ئىنتايىن سىلىق، سىپتا بولۇپ، يىپەك توقۇلمىلار پەردازلانغاندىن كېيىن نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كۈن نۇرى ياكى چىراغ نۇرىدا جىلۋە ـ جۇلاسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ھالبۇكى، گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە گۈزەللىكنى قوغلىشىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق پسىخىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، يىپەكنىڭ گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئىقتىدارى ۋە رولى ئۇنى ئىنسانلار نەزەرىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىممىتىدىن ئالاھىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلغان.

**چىداملىقلىقى:** يىپەك توقۇلمىلار يۇقىرى ھارارەتكە چىداملىق، دائىم كۈن نۇرىغا قاقلانسىمۇ ئاسان چىرىپ كەتمەيدۇ. نەملىككە چىداملىق، دائىم يۇقىرى نەملىك ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئاسان سېسىمايدۇ ياكى ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. مىتە ـ كۈيە قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار ئۇنىڭغا زىيان سالالمايدۇ. سوزۇلۇش، سۈركىلىشكە چىداملىق، مەلۇم سەۋەبلەردىن سوزۇلۇش، سۈركىلىشكە ئۇچرىسىمۇ، ئاسانلىقچە شەكلى ئۆزگىرىپ ياكى يىرتىلىپ كەتمەيدۇ. يۇيۇش، تازىلاشقا چىداملىق، كىر ـ داغلاردىن ئاسان پاكلىنىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەردە مەيلى يۇڭ ياكى پاختا تالالىق توقۇلمىلار بولسۇن، ھېچقايسىسى يىپەكتىن ئۈستۈنلۈك تالىشالمايدۇ.

**ھاۋا ئۆتكۈزۈش، نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى:** بەدەنگە چاپلاشمايدۇ، تەر سۈمۈرىدۇ، ئىسسىق، نەم شارائىتتىمۇ بەدەنگە راھەتبەخش ئېتىدۇ. نۇر قايتۇرۇشى ياخشى بولغاچقا، كىشىگە سالقىنلىق بېغىشلايدۇ.

**قىسلىقى:** قىس نەرسە قىممەت بولىدۇ. ئاشلىق، پاختا قاتارلىق بەزى تاۋارلار قىس بولسا، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كۆپەيتىش، سېلىنمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر ـ ئىككى يىلدىلا ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش مۇمكىن. لېكىن، يىپەك ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يىپەك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۈجمە ئۆستۈرۈشكە باب كىلىمات بولۇشى كېرەك. مۇۋاپىق كىلىمات بولغاندىمۇ، ئۈجمىنى تىكىپ بىر نەچچە يىلدىلا ئاندىن يوپۇرماق مەھسۇلاتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلە قۇرتى بېقىش بىرقەدەر ئىنچىكە تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئەمگەك سىجىللىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئامىللار يىپەكنىڭ قىس بولۇشىنى، قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىك بىر تەرەپتىن، كىشىلەردە يىپەكنى ياقتۇرۇش، ئارزۇلاش، قەدىرلەش پسىخىكىسىنى يېتىشتۇرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يىپەكنىڭ قىس، ئەتىۋار، قىممەت بولۇشىنى بەلگىلىگەن. دېمەك، ئېستېتىك ئېھتىياجدىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي ئىستېمال تەلىپىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن، چەكلىگۈچى ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ قىس بولۇشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان «ۋەزنى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى» بولۇش خۇسۇسىيىتى يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

يىپەكنىڭ بۇنداق خاسىيىتى تارىختىن بۇيان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن پىلىچىلىك ـ يىپەكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىشىگە سەۋەب بولغان بولسا، ئاۋام خەلقنىڭ پىلىچىلىك ـ



يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ماددىي مەنپەئەتلىرىنى ياخشىلاش ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تۆرتكە بولغان. مانا بۇ ئامىللار قوشۇلۇپ، خوتەندە پىلىچىلىك ـ يىپەكچىلىكنىڭ ئىزچىل (ئەلۋەتتە ناھايىتى ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ) تەرەققىي قىلىشىنى ھەمدە يىپەكنىڭ خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى»نىڭ بىرى بولۇش ئورنىنى بەلگىلىگەن.

## 2. يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىرى شۈبھىسىزكى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا تونۇپ يېتىلگەن ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئابستراكسىيىلەشتۈرۈپ ئېلىنغان يىپەك توغرىسىدىكى ئاڭ خوتەن خەلقىدە (شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىدە) پەيدىنپەي يىپەكنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت پسىخىك ئاڭ بولۇپ شەكىللەنگەن.

### پىلە قۇرتى رىۋايىتى ۋە بەخت قارىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بەدىنى قۇرتلاپ كەتكەن بىر ئاغرىق كىشىگە دىل ئازار قىلغانلىقتىن، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن 6000 جۈپ قۇرت ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىگە چۈشۈپ، 70 يىلغىچە ئۇنىڭ گۆشلىرىنى يەپ، ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىكەن. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇ ئاللاغا دۇئا تەكبىر ئېيتىپ ئىبادەت قىلغان. كېيىن ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام شىپالىق تاپقان. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تۆكۈلگەن قۇرتلار ئۈجمىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ياپراقلىرىنى يېگەن ۋە ئۇنىڭدىن پىلە ھاسىل بولغان.

ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە زىچ باغلانغان بۇ رىۋايەتنىڭ خوتەنگە تارقىلىشتىن مىڭ يىللارچە بۇرۇن خوتەندە پىلىچىلىك ـ يىپەكچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىگە ۋە بۇ رىۋايەت مەزمۇنىنىڭ رېئاللىقتىن ئاللىقانداق يىراق ئىكەنلىكىگە قارىماي، بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

شۇ ئاساستا پىلە ۋە يىپەكنى قەدىرلەش ساۋاب، يىپەك بەختنىڭ بېشارىتى دەيدىغان قاراش شەكىللەنگەن.

### پىر ـ ئۇستازلارغا چوقۇنۇش ۋە پاكلىق قارىشى

يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش خېلى كۆپ ئىش تەرتىپلىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ ئىش تەرتىپلىرى ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتا ئادا قىلىدىغان شەرتلەر «شايىچىلىك رىسالىسى»دە پۈتۈلگەن بولۇپ، پېشقەدەم يىپەكچىلىك ئۇستىلىرى بۇ رىسالىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. رىسالىدە شايى ـ يىپەكچىلىكنىڭ خوجا ئىسمائىل خوتەنى، خوجا سەلىم قەشقىرى، مۇقىيم يەركەندى قاتارلىق 17 نەپەر پىر ـ ئۇستازلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، شايى ـ يىپەكچى ئۇستىلار مەشغۇلات داۋامىدا ھەر بىر ئىش ھالقىسىدا بۇ پىر ـ ئۇستازلارنىڭ نامىنى ۋە كۆرسىتىلگەن دۇئالارنى زىكىر قىلىدۇ ھەمدە بۇ رىسالىدىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلار شەكسىز پاك ۋە ھالال بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئاۋام خەلق يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى پاكلىق، ھالاللىق، توغرىلىقنىڭ سىمۋولى، يىپەكتىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى كىشىنى كۆز تېگىشتىن، كېسەللىكتىن ساقلايدۇ، ساغلاملىقنى ئاسراپ، بەدەنگە راھەت بېغىشلايدۇ، دەپ بىلىدۇ.

## 3. يىپەككە باغلانغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى

يىپەكنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىرى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر جەھەتتىن پىلە ـ يىپەكچىلىك ئىشلەپ چىقىرىشنى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يىپەكماللارغا كەڭ بازار ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ئەمەلىيىتى داۋامىدا پىلىچىلىك ـ يىپەكچىلىككە باغلىنىشلىق بولغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى شەكىللەنگەن.

يىپەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش: خوتەندە پىلە بېقىش خېلى كەڭ ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد پىلە بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىلىكار ئائىلىلەر بارلىققا كەلگەن. پىلە بېقىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھويلا ـ ئارام ئەتراپلىرىغا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىغا، يەر پاسىللىرىغا ئۈجمە ئۆستۈرۈش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئۈجمە كۆچىتىگە بولغان ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۈجمە ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش كەسپى، ئۈجمە سورتىنى ياخشىلاش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئۇلاقچىلىق كەسپى بارلىققا كەلگەن. يېقىنقى دەۋرلەردە كۆچەتچىلىك ۋە ئۇلاغچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ كەسپىي كۆچەتچىلەر، كەسپىي ئۇلاقچىلار بارلىققا كەلدى.

پىلىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە تېخنىكا تەلىپىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئارقىسىدا، يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر قەدەر ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى ۋە مەخسۇس كەسىپ تۈرلىرى شەكىللەنگەن. يىپەك تارتىش، كوچا يىپ سوزۇش، ئەتلەس توقۇش، يىپەك چەكمەن ، شايى توقۇش، دەييارە، بەقەسەم توقۇش، ئەلگەك تىغى توقۇش، يىپەك بوياش قاتار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق كەسپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدىغان كاسپلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپىنچە ھۈنەرۋەنلەر مۇشۇ كەسپلەرنىڭ بىر ـ ئىككى تۈرى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئىنچكە ئىش تەقسىماتى شەكىللەنگەن ۋە ئۇلار كەسپ ئالاھىدىلىكى بويىچە يىپەكچى، ئەتلەسچى، شايىچى، چەكمەنچى، بوياقچى دېگەن خاس ناملار بىلەن ئاتالغان (ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كاسپ ناملىرى ئېغىز تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «چى» چۈشۈپ قالىدۇ. يەنى توختاخۇن يىپەك، ئىمىن ئەتلەس، قاسىم شايى، ئەمەت چەكمەن، تۇردى بوياق دېگەن شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇشۇنداق مەخسۇس كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە بۇنداق كەسپ ناملىرى نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خىل لەقەملەر ھېلىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

پىلىكار ئائىلىلەردە پىلە بېقىشقا كەسلەپ كېلىنگەن شاخلارنىڭ يوپۇرمىقى ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن قېپقالغان شاخلارنىڭ قوۋزاقلىرىنى سويۇپ، قۇرۇتۇپ ياغلاپ قويۇش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان شاخلار «پوروخ» دېگەن خاس نام بىلەن ئاتالغان. قوۋزاق بولسا قەغەزچىلىككە خام ئەشيا قىلىنغان.

**پىلە ۋە ھويلا ـ ئارام:** پىلە بېقىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردا قۇرت بېقىش ئۆيى سېلىش ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. خېلى بىر قىسىم پىلىكار ئائىلىلەرنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇراق ئۆيگە ياندىشتۇرۇپ بىر ياكى بىر نەچچە ئېغىز قۇرت باقىدىغان ئۆيلەر سېلىنغان. بۇنداق ئۆيلەر «قۇرتخانا» دەپ ئاتالغان. قۇرتخانىلارغا بادىرا ـ چەنزىلەر ئارقىلىق بىر نەچچە قەۋەتلىك جەن (سىنچەك) ياسىلىپ، ئۈستىگە قومۇش بورا ياكى چىۋىق بورا سېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئۈجمە، يۇلغۇن، توغراق شاخلىرىدىن چىۋىق بورا توقۇش كەسپى بارلىققا كەلگەن. بۇنداق بورىلار «چىۋىق بورا» (بەزى جايلاردا «سامبا») دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. قۇرتخانىلار يازدا قۇرت بېقىشقا، قىشتا ئامبار قىلىشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. پىلىكار ئائىلىلەردە قۇرتخانا سېلىش ھازىر تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ھويلا ـ ئارام قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىگە ئايلاندى.

**يىپەك ۋە بازار:** خوتەندە يىپەك ۋە شۇنىڭغا دائىر مەھسۇلاتلار سودىسى قىلىنىدىغان مەخسۇس بازارلار شەكىللەنگەن بولۇپ «پىلە بازىرى»دا پىلە سودىسى، «يىپەك بازىرى»دا يىپەك يىپ، كوچا يىپ، سايناخ سودىسى، «ئەتلەس بازىرى»، «شايى بازىرى»، «چەكمەن بازىرى»دا شۇ خىل يىپەك گەزلىملەر سودىسى، «رەڭ بازىرى»دا يىپەك بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى، مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى، ۋاستىچى بوياق ماتېرىياللىرى ۋە سانائەت تەييار بوياق ماتېرىياللىرى سودىسى بولاتتى. «قوۋزاق بازىرى»دا قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈجمە قوۋزىقى سودىسى بولاتتى.

**يىپەك ۋە كارۋان:** خوتەن يىپىكى ۋە يىپەك توقۇلمىلار شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربتە كىچىك ئاسىياغا قەدەر بولغان كەڭ رايونلارغا يۆتكەپ سېتىلغان. شۇ سەۋەبتىن مەخسۇس ھەرخىل ماللارنى يىراق ـ يېقىنغا يۆتكەپ ساتىدىغان كارۋانچىلىق ۋە رەۋەندىچىلىك كەسپلىرى بارلىققا كەلگەن. كارۋانچىلىق نەچچە ئون كۈنلۈك، ھەتتا نەچچە ئايلىق يىراق جايلارغا قاتنايدىغان قاتناش ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ، تۆگە ئاساسىي قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى. ھەر بىر كارۋان ئون نەچچە، ھەتتا نەچچە ئون تۆگىدىن تەركىب تاپاتتى. كارۋانلارنىڭ بەزىسى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۆز ماللىرىنى ئۆز كارۋىنىدا يۆتكىسە، يەنە بەزىلىرى مەخسۇس باشقىلارنىڭ مېلىنى ھاۋالە بويىچە توشۇيدىغان كارۋان بولۇپ، يۈك توشۇپ كىراغا ئىشلەشنى ئاساس قىلاتتى. رەۋەندىچىلىك بىر نەچچە كۈنلۈك، ئېشىپ كەتسە بىرەر ئايلىق يولغا قاتنايدىغان ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ، بۇلارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئىش تەقسىماتى كارۋان ئەترىتى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قاتناش ۋاستىسى جەھەتتە ئېشەك ۋە خېچىرنى ئاساسىي قاتناش قورالى قىلاتتى.

يىراق مۇساپىگە قاتنايدىغان سودىگەرلەر كۆپىنچە بىر نەچچە كارۋاندىن تەشكىللەنگەن، نەچچە ئون كىشىلىك، نەچچە يۈز تۆگىلىك چوڭ كارۋان ئەترىتى بولۇپ يولغا چىقاتتى. بۇنىڭدا، چۆل ـ جەزىرىلەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان قاراقچى، بۇلاڭچىلارغا ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش مەقسەت قىلىناتتى. كارۋان قاتنىشىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سارايۋەنلىك كەسپلىرى ئاۋاتلاشقان بولۇپ، كارۋان يولىدىكى چوڭراق شەھەرلەردە كارۋان سارايلىرى، كىچىك يۇرت ۋە چۆل ـ جەزىرىلەردە ئۆتەڭ ـ راباتلار بارلىققا كەلگەنىدى. كارۋان سارايلىرىدا ياتاقخانا، ئامبار، ئاشپۇزۇل، چايخانا، ئاتخانا (ئات ئېغىلى)، تۆگىخانا، ھاممام قاتارلىق ئەسلىھەلەر بولاتتى. ئوت ـ سامان ۋە يەم ـ بوغۇزمۇ تەييارلىناتتى. ئۆتەڭلەردە بولسا، ئاددىي ياتاق، ئاتخانا، تۆگىخانا بولغاندىن سىرت، ئوت ـ چۆپ، يەم ـ بوغۇز، شۇنداقلا قۇدۇق ياكى كۆلچەكلەر بولاتتى. بۇنداق قونالغۇلارنىڭ

چوڭ ئراقلىرى ئۆتەڭ دەپ ئاتالسا، چۆل ـ جەزىرىلەردىكى ۋادىك ياكى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ياسالغان ئاددىي ئۆتەڭلەر «ساتما» دېيىلەتتى. گەرچە ئۆز زامانىسىدا ئۇزاق ـ ئۇزاق رايونلار ئارىسىدىكى سودا ـ سېتىق، مال ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان بۇ كەسپلەر ھازىر ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ «كارۋان»، «رەۋەندە»، «ساراي»، «سارايۋەن»، «دەڭجا»، «ئۆتەڭ»، «ساتما» دېگەندەك شۇ دەۋردىكى كەسپ ناملىرىدىن يالداما بولۇپ قالغان لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان ئادەملەر ھازىرمۇ بار.

**يىپەك ۋە ئۆي بېزەش:** ئۆتكەن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئوردا ـ سارايلارنى يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەيتتى. تاملارغا يىپەك گىلەملەر ئېسىلاتتى. يۇقىرى تەبىقىدىكى زەردارلارمۇ يىپەك پەردە، يىپەك ياپقۇچ، يىپەك گىلەملەر بىلەن ئۆي بېزەشنى قوغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يىپەك بۇيۇملار بىلەن ئۆي بېزەش ھوقۇق ـ مەرتىۋە، بايلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىناتتى.

**يىپەك ۋە كىيىم ـ كېچەك:** يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە ھاللىقراق ئائىلىلەردە ئەرلەرنىڭ يىپەك تون، بەقەسەم ياكى شايى يەكتەك كىيىش، يىپەك بەلۋاغ باغلاپ، يىپەك قولياغلىق تۇتۇشى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەتلەس، شايى، گۈلۋەرە كۆڭلەك، يىپەك پەرىجە، شايى ياكى تاۋاردىن تامبال كىيىشى، يىپەكتىن كەشتىلەنگەن گىلەم دوپپا، مارجان دوپپا كىيىشى، يىپەك رومال ئارتىشى خېلى ئومۇملاشقانىدى. نامراتراق ئائىلىلەردىمۇ، ئاياللارنىڭ ھېچبولمىسا بىرەر قۇر ھېيت ـ مۇراسىملىق يىپەك كىيىمى بولاتتى. قىزلارنىڭ تويلۇق مىلى ئىچىدە ھېچبولمىسا، بىرەر ـ ئىككى قۇر يىپەك كىيىم كەم بولمايتتى. تاڭ سەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە قالدۇرغان ئۇدۇنلۇقلار «كۆپىنچە يىپەك ۋە پاختا كىيىملەرنى كىيىدۇ» ① دېگەن بايانلىرى دەل مۇشۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**يىپەك ۋە مۇھەببەت:** ئۆتكەن دەۋرلەردە ئەركەن مۇھەببەتنىڭ تەقىب قىلىنغىنىغا قارىماي، ياخشى كۆرۈشكەن قىز ـ يىگىتلەر ھەر ئاماللار بىلەن بىر ـ بىرىگە يىپەك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىشاتتى. يىگىتلەر ئادەتتە قىزلارغا يىپەك ياغلىق، يىپەك رومال سوۋغا قىلىپ، ئۇنى مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىكى ۋاستە قىلاتتى، قىزلار بولسا كەشتىلەنگەن يىپەك قولياغلىق ياكى كەشتە بەلۋاغ سوۋغا قىلىش ئارقىلىق مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرەتتى.

**يىپەك ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە:** ئۆتكەن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى يىراق ـ يېقىندىكى خانلىق، بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا يىپەك بۇيۇملار ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرى سوۋغا قىلىشنى دوستلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىپ، ئىناق ئۆتۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرەتتى. ياخشى كۆرگەن ياكى خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا يىپەك تون ياپاتتى. خەلق ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوست ـ يارانلار توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە يىپەك تون، يىپەك رەخت قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىپ، ھۆرمەت ـ ئىكرام ۋە ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

**يىپەك ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى:** يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش ئىگى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنىدى:

ئالتە كەپتەر يەتتە بولۇپ،
قوندى تېرەككە.
يۇگۈرۈپ ـ يۇگۈرۈپ يېتۋالاي،
ئەتلەس كۆڭلەككە.
ئەتلەس كۆڭلەك لىغىلدايدۇ،
كىيگەندە.
يۈرەك ـ باغرىم جىغىلدايدۇ،
كۆرگەندە.
سېرىق ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس،
ساڭا سوۋغا قىلاي دەيمەن.
سېغىنغاندا بىر كەلسەڭ،
يۈرەكنى ياقاي دەيمەن.
ئىشتىنىڭىز ئاق شايى،
كۆڭلىكىڭىز دەيىارى.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
كىم سورايدۇ دەۋانى.

ئۇنىڭدىن باشقا «يىپەكتەك ئاق»، «پىلىدەك يۇمشاق»، «ئەتلەستەك رەڭدار» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

**يىپەك ۋە تەسۋىرىي سەنئەت:** خوتەن خەلقىدە يىپەكنى ئۇلۇغلاش، پىلنى ئەتىۋارلاش ئىگى گۈللۈك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ گۈل ـ نەقىشلىرىنى ھاسىل قىلىشتىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئادەم، ھايۋان ۋە ھاشاراتلارنىڭ سۈرەتىنى سىزىش گۇناھ بولىدۇ دەيدىغان ئەقىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. شۇڭا، ئۇلار ھەر خىل رەخت گۈللىرى، گىلەم، كىگىز گۈللىرى، تام نەقىشلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋان-

MIRAS

لارنىڭ ئۇبرازىنى يارىتىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلغان بولسىمۇ، پىلە قۇرتىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا قالغان. ماددىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، گۈللۈك باسما بوياق زەدىۋاللار ئۇسخىسى ئىچىدە «قۇرت نۇسخا زەدىۋال» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زەدىۋال بولۇپ، بۇ خىل زەدىۋالنىڭ گۈللىرى پىلە قۇرتىنىڭ ئوبرازىدىن تۈزۈلگەن. قۇرت نۇسخا زەدىۋال گۈل نەقىشلىرىدە سەككىز دانە پىلە قۇرتى ئوبرازىدىن تۈزۈلگەن سىزىقلار بىر رومبا شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە مۇشۇنداق رومبىلارنىڭ يانتۇ يۆنىلىشتە تىزىلىشىدىن ئۇرۇنما تىزمىلىق رومبا قاتارى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق زەدىۋالنىڭ ئايگۈل قىسمى مۇشۇنداق سانسىز پىلە قۇرتلار ئوبرازىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «قۇرت نۇسخا زەدىۋال» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر بىر پىلە قۇرتى ئوبرازى ئاق رەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تېنىدە توققۇزدىن 13 كىچە بوغۇم ۋە ھەر بىر بوغۇم ئۈستىدە بىردىن قارا چېكىت بولىدۇ. بۇنداق قۇرت سۈرەتلىرىنىڭ ئاق رەڭلىك بولۇشى، 9 ـ 13 بوغۇم بولۇشى، ھەر بىر بوغۇم ئۈستىدە بىردىن قارا چېكىت بولۇشى، تەبىئىي پىلە قۇرتلىرىنىڭ رەڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. شۇ دەۋرلەردە گۆناھ بولۇشتىنمۇ قورقماي، پىلە قۇرت ئوبرازىنى تەسۋىرىي سەنئەتنى ۋاستە قىلىپ زەدىۋال نۇسخىلىرىدا ئىشلىتىشى خەلقىمىزدە يىپەكنى ئۇلۇغلاش ئېڭىنىڭ ھەققەتەن چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدىن بولغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**يىپەك ۋە كەشتە:** خەلقىمىزدە كەشتىچىلىك ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دوپپا كەشتىسى، ياغلىق كەشتىسى، تون ـ يەكتەك كەشتىسى، پەرىجە كەشتىسى، كانۋاي كۆڭلەك كەشتىسى، ئىشتان پۇچقاق كەشتىسى، يۇڭ پايپاق كەشتىسى، ياستۇق كەشتىسى، ئىشىك پەردە، كىيىم ياپقۇچ كەشتىسى، كارىۋات ئايغى كەشتىسى، داستىخان كەشتىسى، بەلۋاغ كەشتىسى، يوتقان ـ كۆرپە كەشتىسى، ئاسما سۇرەت كەشتىسى قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنداق كەشتە بۇيۇملارنى ئىشلەشتە، مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ھەر خىل رەڭلىك يىپەك يىپلار كەشتە يىپى قىلىنىش ئارقىلىق كەشتىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە جۇلاسى ئاشۇرۇلىدۇ.

**پىلە ۋە تېبابەت:** خەلقىمىزنىڭ تېبابەت ئەمەلىيىتىدە پىلىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى تەلپۈنۈش ـ ئىزدىنىشلەر پىلىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى بايقاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە پىلە غوزىكى دورا ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ جىگەر، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، بەلغەم ھەيدەش، پارقىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. مېڭە، يۈرەك، جىگەر ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاش مەقسىتىدە پىلە غوزىكىدىن شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. پىلە غوزىسى، ئۇستىقۇددۇس، سۇمەبۇل، بادرەنجى، بۇيا، سېرىق ئوت قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان شەربەت يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، خۇرسەنلىك پەيدا قىلىدۇ. ئەزالاردىكى جاراھەتنى ساقايتىش ئۈچۈن، كۆيدۈرۈلگەن پىلە تالقىنى كەھرىۋا بىلەن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىنسا ياكى بۇلاردىن تەييارلانغان سوفۇف (تالقان) جاراھەتلەنگەن ئەزاغا سېپىلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن پىلە غوزىسى تالقىنى باشقا دورىلار بىلەن كۆزگە سۈرمە قىلىنسا كۆزنىڭ جاراھەتلىرى، كۆز ياشاڭغۇراش ۋە كۆز قىچىشىشىنى داۋالايدۇ.

پىلە غوزىسى چۈشىدىغان مەشھۇر مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىدىن، خېمىرى ئەۋرىشىم، ئەرشەدۋالا، شەربىتى ئەبرىشىم، داۋائۇلمىشكى، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى گاۋزىبان قاتارلىقلار بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى ئەنئەنىۋى رېتسېپلار ئاساسىدا ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىقارغان «جەۋھىرى مۇپەررىھ ئەۋرىشىم» ناملىق كاپسۇللۇق دورىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى پىلە غوزىكى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

**يىپەك ۋە بوۋاق تەربىيىسى:** خەلق ئىچىدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا پىلە قۇرتىنىڭ مايىقى سېلىنغان كېچىك ياستۇق تىكىپ بېرىش ئادىتى بار. بوۋاقلار بۇنداق ياستۇقتا ياتقۇزۇلسا، سوقاباش، دوقا ماڭلاي بولۇپ قېلىشتەك ئەيىبلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بوۋاقلارنىڭ كىيىمىنىڭ ياقا قېتىغا مەشۈت تىكىپ قويۇش ئادىتى بولۇپ، بۇنىڭدا بالىنىڭ ئايىغى ئاسان چىقىدۇ، چاققان، زېرەك ئادەم بولىدۇ؛ ئايەت يېزىلغان قەغەزنى يىپەك رەخت ئارىسىغا ئېلىپ تۇمار تىكىپ گۆدەك بالىلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بالىغا كۆز تېگىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.



# ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي قىممىتى ھەققىدە

نۇرنىسا باقى

خەلق قوشاقلىرى ئىنسانىيەتنىڭ تىل ۋە تەپەككۇرى بىلەن تەڭ دۇنياغا كەلگەن ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ گۈزەل تىل سەنئىتىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھاياتىنىڭ تۈرلۈك مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى ئۆزىگە زۆرۈرىيەت قىلغان كوللېكتىۋىزم ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەك ئىنسانلارنى تىل ۋە تەپەككۇرغا ئىگە قىلغان ھەمدە ئاشۇ تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇناسىپ شەرت ـ شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. قوشاق ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇقى ۋە ئۇندۇرمىسىدۇر، خەلق قوشاقلىرى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئېرىشكەن سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئىنساننىڭ تىل ۋە تەپەككۇرى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ژانىرىدۇر. خەلق قوشاقلىرى قويۇق ھېس ـ ھاياجانغا تويۇنغان، روشەن رىتىم، ۋەزىن، قاپىيە، يارقىن مۇزىكدارلىققا ئىگە مەندار مىسرالاردىن تەشكىل تاپقان گۈزەل ئەدەبىي شەكىلدۇر.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش رەڭدار ۋە مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ شاد ـ خۇراملىقى، دەرد ـ ھەسرىتى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى تولىمۇ ئوبرازلىق، تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتكەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە مۇھەببەت قوشاقلىرى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇھەببەت قوشاقلىرى ئۆز ئىچىدىن مۇھەببەت ئىزھارى، مەدھىيىلەش، سېغىنىش، جۇدالىق ـ ھىجران، پۇشايمان قاتارلىق مەزمۇنلار دائىرىسىدە ئىنسانىي ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ شېرىن كۈيلىرىنى ياڭرىتىدۇ. چىن مۇھەببەت، ۋاپا ـ ساداقەتنى مەدھىيىلەيدۇ. ۋاپاسىزلىق ـ نامەردلىكنى قامچىلايدۇ. ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي ھېكمەتلىرىگە تولغان ساغلام مەزمۇنى بىلەن زور تەربىيىۋى رولىنى

uyghurkitap.com



ناماﻳان قىلىپلا قالماي، گۈزەل بەدىئىي قۇرۇلمىسى، ساپ ۋە سەممىي ھېس ـ ھاياجانغا تويۇنغان شېئىرىي ھارارىتى بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

مەسىلەن:

ئاتاڭ ئايمۇ، ئاناڭ كۈنمۇ،
تۇغۇپتۇ سەن قىزىلگۈلنى.
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆل قىلدى
مېنىڭدەك كۈيچى بۇلبۇلنى.

سىم ـ سىم ئەتتىم سىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن.
ئېسى ـ يادىم سەن بىلەن،
سەن يۈرۈيسەن كىم بىلەن؟

ئاق ئالما قىزارغاندەك
قىزىل يۈزلىكىم يارىم.
ناۋات بىلەن سۇغارغاندەك
شېرىن سۆزلۈكىم يارىم.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى
ياشارغان تېرەكلەرگە.
مەن يارنى خىيال قىلسام،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى قارا، تۆتى ئالا.
سەككىز ئاي ئوتتۇردا كۆيسەم،
بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا.

ئۇرغۇن تەتقىقاتچىلار مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ پۈتكۈل خەلق قوشاقلىرىدا زور سالماقنى ئىگىلەشتىكى سەۋەبلەرنى ئۆتمۈشتىكى تەڭسىز ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي ھالەتلەردىن ئىزدەيدۇ. بۇمۇ بىر سەۋەب، لېكىن بۇنى ئاساسلىق سەۋەب دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى ئىچىدە مۇھەببەت ھېچقانداق چەكلىمىلەرگە بوي بەرمەيدىغان، ئىنتايىن كەسكىن ۋە تەخىرسىز، سىرلىق، سېھىرلىك، جەزبىكار، سەۋر ـ تاقەتلەردىن غالىب، ئىرادىدىن تاشقىرى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە روھىي ياڭقۇنجاشتۇر. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بۈيۈك شائىر نەۋايى ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

«كۆرگىلى ھۆسنىڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا،
قاي بالالىغ كۈن ئىدىكىم ئاشنا بولدۇم ساڭا.
ھەرنىچە دېدىكى، كۈن ـ كۈندىن ئۈزەي سەندىن ئۈمىد،
ۋەھكى، كۈن كۈندىن بەتەرراق ئاشنا بولدۇم ساڭا.»

دەپ يازسا، شائىر فۇزۇلى:

«فۇزۇلى ئىككى ئالەمدە مۇھەببەت ئاشناسى بول، مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قىشتۇر، ئەسلا ياز بولماس» دەپ يېزىپ مۇھەببەتسىز گۈزەللىكنى، ئىنسانىي قەلبنى، ئىللىق دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان.

بىزنىڭ مەشھۇر شائىرىمىز، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى تېيىپجان ئېلىيوف:

ھەر كۈنى ئاخشام ناخشا ئېيتىمەن،
مۇشۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.
.............
كايىما بوۋا سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان».

دەپ يېزىپ، مۇھەببەت كوچىسىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقى، مۇھەببەت ناخشىسىنىڭ ئەزەلدىن ئەبەدكە تۈگىمەيدىغان ناخشا ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ شائىرانە ماھىرلىق بىلەن دەلىللەپ بەرگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، بۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك گۈزەل كىشىلىك ئالىمى بولمىغان بولاتتى. ئالەمدە ئادەملا بولىدىكەن، كىشىلىك ھايات مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت مەۋجۇت بولىدۇ ھەم مۇھەببەت كۈيلىرى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالاغەت پەسلىگە يەتكەن ھەر بىر ئىنسان بالىسى مۇقەررەر ھالدا مۇھەببەت مېۋىسىگە تەقەززالىق بىلەن ئېغىز تەگكۈزىدۇ. مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ھەرقانداق چەكلىمىلەرنى چىقىپ تاشلايدۇ. نەسەبنامىلارنى كۆيدۈرۈپ، شاھلارنىڭ تاجىنى پەگاغا تاشلايدۇ. قەيسىنى مەجنۇن قىلىپ چۆللەرنى كەزدۈرىدۇ، سۇلتان ئابدۇرەشت خاننى ئوتتۇنچىنىڭ قىزى ئامانىنساخانغا ئاشىق قىلىدۇ. دېمەك، ئىنسانىنىڭ ئەسلىدىلا گېنىدا مەۋجۇت بولغان ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەت ئامىلى ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ جۈپتى ـ مۇشۇقىنى ئىزدەشكە، سېغىنىشقا، كۈيلەشكە، سۆيۈشكە، سۆيۈنىدۇرۇشكە چاقىرىپ، ئۇنىدەپ تىنىم تاپقۇزمايدۇ. نەتىجىدە دىلدىكى

مۇھەببەتلىك پىكىر تىلدا زىكىر بولۇپ مۇھەببەت قوشاقلىرى توختاۋسىز ئېختىرا بولۇپ باردۇ. مانا بۇ مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ پۈتكۈل خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە زور سالماقنى ئىگىلەشتىكى ئاساسىي سەۋەب.

خەلق ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى. بۇ بارلىق ئەدەبىيات دۇنياسى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت. يازما ئەدەبىيات خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ئىنسانىنىڭ تىل ۋە تەپەككۇرى بىلەن تەڭ دۇنياغا كەلگەن خەلق قوشاقلىرى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولغان خەلق ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئانىسىدۇر.

«چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار» دېگەندەك شېئىرىيەت پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجى، ئەدەبىياتنىڭ ئەدەبىياتى، سەرخىلىنىڭ سەرخىلى. ھەرقانداق بىر ئىنسان، ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئانىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن تەڭ «ئەللەي قوشاقلىرى»دىن مەنىۋى زوق ئالىدۇ. ھەرقانداق شائىرنىڭ شېئىرىي تالانتى ئەنە شۇ «ئەللەي قوشاقلىرى» نىڭ ئالتۇن ئۇرۇقلىرىدىن بىخلانغان بولىدۇ. شائىرلىق ھەقىقەتەنمۇ شائىرنىڭ قەلبىگە ئەللەيدىن سىڭگەن ئاجايىپ بىر سېھرىي مۆجىزە ۋە قالتىس يۈكسەك ئەقلىي كارامەتتۇر.

ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ ھەممىسى خەلق قوشاقلىرىنى كۆپلەپ توپلىغان، چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق تىلىنى ئۆگەنگەن، خەلق قوشاقلىرىنى كۆپ ئوقۇش، يادلاش ئارقىلىق خەلق قوشاقلىرىدىكى شوخ رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى قەلبىگە جارى قىلدۇرغان. قوشاقلاردىكى نازۇك ھېس ــ ھاياجان ۋە چوڭقۇر ئىچكى مەنالارنى چۈشىنىشكە نائىل بولغان. خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي كامالىتىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە خېمىرتۇرۇچ قىلغان ئاساستا، ئۆزى تەئەللۇق بولغان زامان ۋە ماكان چەمبىرىكى ئىچىدە دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۈستىدە، ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن سۇبيېكتىپ ئارزۇ ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە شائىرانە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، زامان تەقەززا سوئاللارغا لايىق جاۋاب بېرىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولالىغان. بۇنداق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئۇقۇمۇشلۇق، خەلققە يېقىشلىق بولۇپ، ئۆزدىنىڭ تولۇپ ــ تاشقان ئوتلۇق ھېسسىياتقا تويۇنغان گۈزەل مىسرالىرى بىلەن كىشى قەلبىگە ئىلھام ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

بۇنداق شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى خەلقنىڭ ناخشا قوشاقلىرى ئارقىلىق سىڭىشىپ كېتىدۇ ــ دە، خەلقنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن شائىر گۇمنامنىڭ مۇنۇ شېئىرىغا نەزەر سالايلى:

كۆردۈم يۈزۈڭنى مەستانە بولدۇم،
ئەقلىي ھوشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
تارتىپ جەفايىڭ ئۆلسەم يولۇڭدا،
يانماسمەن ھەرگىز مەردانە بولدۇم.
بولدۇم جاھاندا رەسۋايى ئالەم،
ياخشى ــ يامانغا ئەپسانە بولدۇم.
ئىشقىڭ مېيىگە پۇر بولدى جىسمىم،
ھەم ساقى، ھەم مەي، پەيمانە بولدۇم.
بىر قەترە ئېردىم چۆكتۈم تېگىزگە،
كىردىم سەدەفكە دۇردانە بولدۇم.

گۇمنامنىڭ بۇ شېئىرى تۈرلۈك شېئىرىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ شېئىر گۇمنامنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دائىرىسىدىن ھالقىپ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئامرىقىم كۆڭۈل شادى،
ساڭا بىر گېپىم باردى.
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن،
بۇنى ئېيتمىسام زادى.

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال مېنى.

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن.
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى،
بىر قارىساڭ ئۆلەمسەن.

مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرى بەدىئىي بالاغىتى ۋە شېئىرىي پاساھىتى بىلەن خۇددى خەلق قوشاقلىرىدەكلا يېقىملىق ۋە تاتلىق. تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بۇ شېئىرلىرىنى

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

دېگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بىلەن بىر قاتارغا قويساق قىلچىمۇ چېنىشمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خەلقىمىز قەلبىدىن ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان مەشھۇر خەلق شائىرى، مەرھۇم روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرىمۇ خەلق قوشاقلىرىغا ئىنتايىن يېقىنلىقى بىلەن روشەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن:

يۇرتىنىڭ كۆزىمەن دوستلار،
گۈلنىڭ ئۆزىمەن دوستلار.
قەلبى ئۈز، شېرىن سۆزلۈك،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

دوپپام يارىشۇر باشقا،
ئوسمام كېلىشۇر قاشقا.
قۇندۇز چاچلىرىم بەلدە،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

قىسقىنىم قىزىل غۇنچە،
ئاسقان مارجىنىم ئۈنچە.
ئەتلەس كۆڭلىكىم توزدەك،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

شەرمى بار، ھاياسى بار،
ئېپىەتتىن زىياسى بار.
بۇلبۇلدەك ناۋاسى بار،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى پۈتكۈل خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل قوشاقلار بولۇپ، ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىي كامالەتكە سازاۋەر مىسرالىرى كىشىگە شېئىرىيەتنىڭ نۇرانە چېھرىدىن ئىللىق تەبەسسۇم تەقدىم قىلسا، ئۇنىڭ دولقۇنلۇق ھېس- ھاياجانلىرى كۆڭۈلنى ئېرىتىدۇ ھەمدە ھاياتىي ھېكمەتلەرگە تويۇنغان شېئىرىي پىكىرلەر ئادەمگە ئەقىل ئاتا قىلسا، سېھرىي نەپەسلەرگە باي پاساھىتى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى خەلقىمىزنىڭ نازۇك پىكىرلىك، شېئىرىي تۇيغۇلارغا باي، شائىر خەلق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ شېئىرىي قىممىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى)

## بۇغما يىلان بىلەن قاپلان

بۇرۇن بىر ئورمانلىقتا، بىر بوغما يىلان بىلەن قاپلان كۆزىنى ئوخشاش بىر بۆكەنگە تىكىپتۇ. قاپلان بوغما يىلانغا، بوغما يىلان قاپلانغا قاراپ، ئۆز ئالدىغا چوت سوقۇشۇپتۇ.

بۆكەننى يېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال بوغما يىلاننى جايلىشۋېتىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ قاپلان.

بۆكەنگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال قاپلاننى ئۈجۈقتۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ بوغما يىلانمۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قاپلان بوغما يىلانغا، بوغما يىلان قاپلانغا قاراپ ئېتىلىپتۇ.

قاپلان بوغما يىلاننىڭ بويىنىدىن چىشلەپ تۇرۇپ: «كۈچىمىسەم، يىلانغا يەم بولىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

بوغما يىلان قاپلانغا ياماشقان پېتى: «كۈچىمىسەم، قاپلانغا يەم بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى جان- جەھلى بىلەن ئېلىشىپتۇ.

ئۇنىڭغىچە بۆكەن كېتىپ قاپتۇ. قاپلان بىلەن بوغما يىلان ھالىدىن كېتىپ يېتىپ قاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئوۋچى ئەجەبلىنىپ: «ئەگەر ئىككىسى بىر- بىرىگە ئەمەس، بۆكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئولجىنى تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەن بولسا، ئىككىلىسى ئامان قالاتتى، ئەگەر ئىككىلىسى ئولجىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز يولىغا كېتىپ قالغان بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ھايات قالاتتى، ئەگەر ئۇلار بىر مەھەل ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاقىۋەتنى ئويلاپ بولدى قىلىشقان بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ھايات قالاتتى. ئۇلار بىر- بىرىگە يول قويۇشنىڭ ئورنىغا رەقىبىنى يوقىتىشنى دەسسەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاقىۋەتكە قالدى» دەپتۇ.

«قاراماي گېزىتى» دىن ئېلىندى: مۇھەممەدجان سۇلايمان تەرجىمىسى

# پەسىللەر ئالمىشىشتىكى ئالامەتلەر

ئەركىن سابىر

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئاجايىپ تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى تېخىچە كۆمۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. مەن شۇنداق ھەقىقەتلەردىن بىر قانچىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن، بەلكىم بىر مۇنچە ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىدىغاندۇ، شۇنداقتىمۇ شەھەرلەردە چوڭ بولغان باللار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بار، دەپ ئويلايمەن.

## چىللىنىڭ تۇنجى كۈنى قار ياغسا

1973 ـ يىلى قىشتا مەن ئەترەتنىڭ باغاچچىخانىسىدا ئىشلەيتتىم. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا قار يېغىشقا باشلىدى، مامۇقتەك يۇمشاق قار بىردەمدىلا ئوشۇقتىن ئاشقىدەك قېلىنلاپ كەتتى.

— بۈگۈن قار ياغقىنى بەلەن بولدى، — دېدى ئۇستام قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، ئۇ ئېگىز بوي كەلگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى.

— نېمىسى ياخشى، — دېدىم مەن. زالدەك يوغان باغاچچىخانىدا سوغۇق جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، قار ياغمىسا، قىش بولمىسا دەيمەن، ئۆگزە، ھويلىلارنىڭ قارلىرىنى ئېرىغداشمۇ بىر گەپ!

— قارا سېنىڭ ھۇرۇنلۇقىڭنى! — ئۇستام شۇنداق دەپ كۈلدى، — بىلەمسەن، بۈگۈن قانداق كۈن؟

— قانداق كۈنكەن؟

— بۈگۈن چىللە كىرگەن كۈن، يەنى تۇنجى چىللىنىڭ بىرىنچى كۈنى...

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— چىللە كىرگەن كۈنى قار ياغسا، قالغان ھەممە چىللىنىڭ بىرىنچى كۈنى قار ياغىدۇ، بۇ ھەقىقەت. قاردىغاندا بۇ يىل قار قېلىن ياغىدىغان ئوخشايدۇ... قار قېلىن ياغقان يىلى يازدا ئاشلىق مول بولىدۇ، بولۇپمۇ قىرلاردا، بىنەملەردە، يايلاقلاردا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسىدۇ.

ئۇستامنىڭ ئۆگەتكەنلىرىدىن ئايلىناي! دېگەندەكلا شۇ يىلى ھەر بىر چىللىنىڭ بىرىنچى كۈنى قار يېغىپ ئۆتتى، بۇنى مەن بىرمۇبىر خاتىرىلىدىم. كېيىن شۇنداق قىشتىن يەنە ئىككىنى ساناپ ئۆتتۈم. چىللە كىرگەن كۈنى قار ياغسا (مەيلى قۇرۇق ئۇن سەپكەندەك ياغسىمۇ)، قالغان ھەممە چىللىنىڭ بىرىنچى كۈنى قار ياغىدىغانلىقى ھەقىقەت ئىكەن.

## تور ئېگىز ئۇچسا

ئەسلىدە چوڭلار قىشتا قارنىڭ قېلىن ياغىدىغان، قېلىن ياغمايدىغانلىقىنى كۈزدىلا بىلىپ بولىدىكەن.

— قارىغىنا، — دېدى بىر بوۋاي ئېتىزدىن تال قىيىپ كېلىۋاتسام.

— نېمىگە قارايمەن؟

— ئاۋۇ ئېگىز ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن تورلارغا.

— ئۇلارغا نېمە بوپتۇ؟

ئېگىز ئۇچۇۋاتىدۇ، ھەم قويۇق. بۇ يىل قىش قار قېلىن ياغقۇدەك.

— تور ئېگىز ئۇچسا قار قېلىن ياغامدۇ؟

— ئەلۋەتتە! يەرگە چاپلىشىۋېلىپ ئۇچىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، ئۇ قەھەتچىلىكنىڭ بېشارىتى.

مەن بوۋاينىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي بېشىمنى چايقىدىم. ئەمەلىيەتتە شۇ يىلى قار راستتىنلا قېلىن ياغدى. بۇ 1975 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلغا ئۆتكەن قىش ئىدى، ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەملەرنىڭ يوتىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

## سېغىزخان شاراقلاۋاتىدۇ

مومام قېرىغانچە جېلىخور بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنى دادام مېنى شامال قىقۇۋەتكەن ئالمىلارنى تېرىۋەت، دەپ ئەتىگەندىلا ئويغىتىۋەتكەندى. ھويلىغا چىقسام مومام ئىشىك ئالدىدىكى تېرەككە چالما ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. مەن مومامنىڭ:

— ياخشى خەۋەر بولسا ئاغزىڭغا ياغ، يامان خەۋەر

www.uyghurkitap.com



بولسا ئاغزىڭغا تاش!ــــدېگىنىگە كۈلگۈم كەلدى.

ــــموما، نېمە ئۇ «ياغ»، «تاش» دېگىنىڭ؟ ـ دەپ سورىدىم ئاخىر.

سېغىزخاننىڭ ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە قونۇپ شاراقشىشى خەۋەر ئېلىپ كەلگىنى. ئۇ ياخشى خەۋەرنىمۇ يامان خەۋەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنىڭغا دەۋاتىمەن.

مېنىڭ مومامدىن يەنە نېمىلەرنىدۇر سورىغۇم كەلدى ـ يۇ، ئاچچىقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈندىمەيلا باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. شۇ كۈنى ئۆيىمىزگە يىراق ناھىيە بازىرىدىكى تاغام كەلدى، ئۇ كەلمىگىلى ئۇزاق بولغانىدى. مومام:

ــــيوللىرىڭغا ياغاچ ئۇشتۇۋېتەيمۇ؟ــــدەپ تاغامنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىدى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا ماڭا قاراپ:

ــــئەتىگەنكى سېغىزخان بىكار شاراقلىمىغانىكەن!ــــ دەپ كۈلدى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن بىر سەھەردە مومام مېنى تۈرتۈپ ئويغاتتى:

ــــتۇر بالام، سېغىزخان يەنە شاراقلاۋاتىدۇ، چىقىپ ئۇنىڭغا تاش ئات.

ــــۋاي ـ ۋۇي، نېمىشقا شۇنداق قىلىمەن، ئۇ ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىدىكەنغۇ!ــــدېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئېرىنىپ.

ــــئۇزاق شاراقلىسا يامان خەۋەرمۇ يەتكۈزىدۇ ئۇ شۇم ئېغىز!ــــدەپ مومام مېنى زورلاپ تۇرغۇزدى. شۇ كۈنى ئۆيىمىزگە يەنە بىر مۇنچە مېھمان كەلدى. مومامنىڭ دېيىشىچە ئۇلار قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەملەر ئىكەن. مومامنىڭ يامان خەۋەر دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. ئۇ چاغدا كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن ئۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتمىگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ سېغىزخان شاراقلىسا، ئۆيىمىزگە مېھمان كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

## ئات يىلى ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك

ــــبۇ يىل ئات يىلى، كۆيۈك كۆپ بولىدۇ،ــــدېدى چوڭ ئاپام بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپلا. ئۇ ئىنىمنى يوقلاپ كىرگەنىدى. ئىنىم كەپسىزلىكىدىن كاسىسىنى مەشكە يېقىۋالغان بولۇپ، ئىڭراپ ياتاتتى.

ئۇ چاغلاردا مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. شۇنىڭدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، سىنىپتا بىر ساۋاقدىشىمنىڭ پۇتىغا چوغ چۈشۈپ كەتتى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، بىز تەنەپپۇستا مەشنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدۇق.

كىچىك چاغلاردىكى بەزى ئىشلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنىڭ ياددىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن ۋە تاسادىپىي بىر ئىشلار بىلەن يەنە ئەسكە چۈشىدىكەن. ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەندە، يەنى بىر ئەتىگىنى بىر خىزمەتدىشىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ پۇتىغا قايناقسۇ تۆكۈۋالغانلىقىنى ئۇقتۇم. كۆيۈك خېلى ئېغىر ئوخشايدۇ. بۇ دەل يەنە شۇ ئات يىلى بولۇپ، ئىنىمنىڭ كاسىسىنى كۆيدۇرۇۋالغىنىغا ھېسابلىسام 24 يىل بوپتۇ.

ئات يىلى راستتىنلا كۆيۈك كۆپ بولامدۇ؟ بۇنىڭغا تازا ئېنىق گەپ قىلالمايمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇششاق بالىلىق ئائىلىلەر ۋە قېرى چۆرىلەر ئېھتىيات قىلغىنى تۈزۈك!

## ئېشەكنىڭ بوغۇزى ئىششىپ قالىدۇ

ئېشەك باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا تەمەخور بولسا كېرەك. بۇ گەپنى قىلىشىمدا مۇنداق بىر سەۋەب بار. بىر كۈنى ئارقا ھويلىدىكى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانلار كەپتۇ، بۇنى بىز قوشنىمىز بىر ئېشەكنى يېتىلەپ ھويلىمىزغا كىرگەندە ئۇقتۇق.

ــــبۇ ئېشەكنى ئېغىلىڭلارغا باغلاپ قويساي دېۋىدىم،ــــدېدى ئۇ دادامغا.

ــــھېچقىسى يوق،ــــدېدى دادام ۋە ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئېشەكنى ئېغىلغا يېتىلەپ ماڭدىم. ئەمما چاپچىپ تۇرغان ئېشەكنى باغلىغىچە جېنىمنى تۈۋرۈككە ئۇرۇۋالدىم.

ــــئۆزىنىڭ ئېغىلىغا باغلىسا بولمامدۇ!ــــدېدىم ئاچچىقلاپ.

ــــئۇلارنىڭ ئېغىلىدا كالىسى بار، شۇڭا بىزنىڭكىگە يېتىلەپ چىقىپتۇ.

ــــكالىسى بولسا نېمە بوپتۇ؟

ــــكالا بىلەن ئېشەكنى بىر ئېغىلغا باغلىسا، ئېشەكنىڭ تامىقى ئىششىپ قالىدۇ...

ــــقىزىق گەپ ئىكەن! ــــدېدىم مەن دادامغا.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ گەپنى يەنە بىر نەچچە يەردە ئاڭلىدىم ۋە شۇنداق دېگۈچى چوڭلارنىڭ بىرىدىن سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ ئادەم ماڭا مۇنداق چۈشەندۈردى:

ــــكالا كۈندۈزى يېگەنلىرىنى كېچىسى ئېغىزىغا ياندۇرۇپ كۆشەيدىكەن، ئېشەكنىڭ بولسا، كالا ئېسىل نەرسە يەۋاتسا كېرەك، ماڭىمۇ بارمىكىن دېگەندەك تەلمۈرۈپ بوغۇزى ئىششىپ قالارمىش.




# ئادەمىيلىكنىڭ مەنىسى نېمە

«ئادەمىيلىك» دېگەن نېمە؟ بۇنى كىتاب ئوقۇغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىلىپ كېتىشى ناتايىن. «جېجياڭ كەچلىك گېزىتى»نىڭ 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، شاۋشىڭ ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدا يازغۇچى لياڭ شياۋشېڭ مۇشۇ بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئالتە سائەت سۆزلىگەن. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار «ئادەمىيلىك»نىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىم، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە، «ناھايىتى بىر جۈملە سۆز ئىكەنغۇ؟ ‹ئادەمنى ئاساس قىلىش› دېگەنلىككەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ھەيران قالغان. لياڭ شياۋشېڭ خۇرسىنىپ: «ئادەمنى ئاساس قىلىش» دېمەي يەنە نېمە دەيتتۇق، دېگەن.

شۇ ئەمەسمۇ، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تىن باشقا، بىز «ئادەمىيلىك»نىڭ تېخىمۇ كۆپ مەنىسىنى بىلمەيدىغان تۇرساق. «ئادەمىيلىك»نى چۈشەندۈرۈشتە، لياڭ شياۋشېڭ مۇنداق بىر ئىشنى تىلغا ئالغان:

بىر قېتىم فرانسىيەدە لياڭ شياۋشېڭ ئىككى پېشقەدەم يازغۇچى بىلەن بىللە ماشىنىدا شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. ئۇ كۈنى شامال چىقىۋاتقان ئىكەن. توساتتىن يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر ساياھەت ئاپتوموبىلدىن ئىككى چىرايلىق فرانسىيىلىك قىز ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن لياڭ شياۋشېڭلارنىڭ ئاپتوموبىلىغا كۆز ئۈزمەي قاراپتۇ. ئالدىدىكى ئاپتوموبىلنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان لياڭ شياۋشېڭلارنىڭ ئاپتوموبىلىنىڭ ئەينىكىگە قونۇپ يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ، ئاپتوموبىل دېرىزىسىنى كۆرگۈسىز قىلىۋېتىپتۇ. ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەيلى دېسە، يول ئىنتايىن تار ئىكەن. لياڭ شياۋشېڭ شوپۇرغا:

— ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىلى بولماسمۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇنداق يولدا ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، — دەپتۇ شوپۇر. شوپۇر شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئالدىدىكى ئاپتوموبىل توختاپ، ئىچىدىن بىر ئەر چۈشۈپتۇ. لياڭ شياۋشېڭلارنىڭ شوپۇرىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپتۇ. ئاندىن يەنە قايتىپ كېتىپ، ئاپتوموبىلنى

يولنىڭ بىر چېتىگە تارتىپ ئۇلارغا يول بوشىتىپ تۇرۇپتۇ. لياڭ شياۋشېڭ شوپۇردىن:

—ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟—دەپ سوراپتۇ، شوپۇر:

—ئۇ يولبويى بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ماڭدۇق، بۇ ئادىل بولمىدى. ماشىنىدا ئىككى قىزىممۇ بار، ئۇلارنى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەككەن دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويسام بولماس، دېدى،—دەپتۇ. لياڭ شياۋشېڭ بۇ گەپتىن نەچچە كۈنگىچە نومۇس قىلىپ يۈرۈپتۇ.

بۇ ماڭا ئاۋستراليىدىكى جىيەنىم ئېيتىپ بەرگەن يەنە بىر ئىشنى ئەسلەتتى. ھەپتە ئاخىرى، جىيەنىم ئاۋستراليىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر جۇڭگولۇق بىلەن بىللە سىدنىي ئەتراپىدىكى دېڭىز ساھىلىغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپتۇ. ھەر قېتىم تور تاشلىغاندا تورغا بېلىق چۈشمەي قالمايدىكەن. بىراق، ھەر قېتىم تورنى تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، ھېلىقى جۇڭگولۇق توردىكى ئولجىلارنى بەرەر قۇر تاللىغاندىن كېيىن، قالغانلىرىنى يەنە دېڭىزغا قويۇپ بېرىدىكەن. جىيەنىم ئاڭقىرالماي:

—شۇنچە تەستە تۇتقان تۇرساق، نېمە ئۈچۈن يەنە دېڭىزغا قويۇۋېتىسىز؟—دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى جۇڭگولۇق:

—ئاۋستراليىدە بېلىق تۇتماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن چوڭلۇقتىكى بېلىقنىلا تۇتۇشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ،—دەپتۇ خاتىرجەم ھالدا. جىيەنىم:

—ئوچۇق دېڭىزدا كىممۇ باشقۇرۇپ، نازارەت قىلىپ كېتەلەيتتى؟—دەپتۇ. ھېلىقى جۇڭگولۇق مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:



—ئۇزاقراق تۇرسالا بىلىپ قالىسەن، ئاۋستراليىدە ھەممىلا ئىشتا باشقىلار ساڭا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرمەيدۇ،—دەپتۇ.

بۇ ئىككى ئىش بىزگە «ئادەمىيلىك»نىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئادەمىيلىك» ئەمەلىيەتتە چۈشىنىكسىز نەرسە ئەمەس. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ماھىيىتى قەلبتە باشقىلارنىڭ ئەسكەرتىپ تۇرۇشى ھاجەتسىز. ئاڭلىقلىق—چەكلىمىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئەركىنلىك، ئۆزىنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشتەك ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

«ئادەمىيلىك» نەدە؟ لياڭ شياۋشېڭ ئېيتقاندىكىدەك، ئۇ يۇقىرى قاتلامدا، ئۇ شۇ دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك باراۋەرلىك، ھەققانىيەتتە؛ ئۇ ئادەتتىكى قاتلامدا، تۇرمۇشىمىزدا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىمىزدە؛ ئادەمىيلىك خىسلىتىمىزدە، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا؛ تەيۋەنلىك يازغۇچى لوڭ يىڭتەي ئېيتقاندىكىدەك، بىر ئادەمنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز، خاراكتېرىدە.

قېنى ئويلاپ باقايلى، باشقىلار جېكىلىمەيمۇ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قانچىلىك كۆز ـ قۇلاق بولالىدۇق؟ ئىنتىزامغا، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئاڭلىق ھالدا قانچىلىك بويسۇندۇق؟ باشقىلارنىڭ غېمىنى قانچىلىك يېدۇق؟ باشقىلارغا قانچىلىك ياردەم قىلدۇق.

سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە «مەدەنىيەت بىلەن دۆلەت قۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن بىر سۆز يادىمغا يېتىپ قالدى. مېنىڭچە، دۆلەتنى تېخىمۇ تەرەققىي تاپقۇزۇش، جەمئىيەتنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، قانۇن ئېڭى دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىۋاتىمىز، ئەلۋەتتە بۇنىڭ خاتا يېرى يوق. بىراق بىزگە ھازىر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى، بىز تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەرسلىك مەدەنىيەتتۇر، «ئادەمىيلىك»تىن ئىبارەت مۇقەددەس دەرسلىكتۇر.

گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دىن)



# دۇنخۇاڭدىكى مىراس قولىيازمىلار قانداق بولۇپ چەت ئەللەرگە تاراپ كەتكەن

سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىپ، دۇنيادا يېڭى بىر پەن — دۇنخۇاڭشۇناسلىقنى بارلىققا كەلتۈردى. كامىردا بايقالغان 50 مىڭ ئورامدىن ئوشۇق ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە بىر ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. خوشى ئۇنىڭغا «راھىبلار كۈتۈپخانىسى» دەپ باھا بەرگەنىدى. يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى بۇ مىراسلار ئۈستىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن كەڭ كۆلەمدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئالىملار دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىنىڭ يالغۇز جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنىشتى. تارىختىكى نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ئارقىلىق يېڭى ھەل قىلىش يولىغا ئېرىشكۈسى. شۇڭا، نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كېلىپ، خەلقئارا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە «دۇنخۇاڭ قىزغىنلىقى»نى قوزغىدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە ئەگەر سىز دۇنخۇاڭ قولىيازمىلار ساقلانغان كامىردا بايقالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز پۈتۈن يەرشارىنى بىر ئايلىنىپ



1900 ـ يىلى دۇنخۇاڭ مۇگاۋ ئۆڭكۈرىدىكى قولىيازمىلار ساقلانغان كامىرنىڭ بايقىلىشى دۆلەت ئىچى ۋە

چىقىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. غەرب بايلىق ئوغرىلىرىنىڭ
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى بىلەن بۇ ھۆججەتلەر ئون نەچچە
دۆلەتتىكى 30دىن ئوشۇق مۇزېيلارغا تاراپ كەتكەن. ھازىر
دۆلىتىمىزنىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان دۇن-
خۇاڭ مىراس ئەسەرلىرى پەقەت تالان ـ تاراجدىن كېيىن
ئېشىپ قالغان پارچە ـ پۇرات قولىيازمىلار، دۇنخۇاڭ مى-
راس ئەسەرلىرىنىڭ ئېسىللىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
مەدەنىيەت بايلىقىغا سالغان زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

1

مەشھۇر خەتتات ۋە باھالىغۇچى شى جىلىيۇنىڭ باياز-
لىرىغا قارىغاندا، چىڭ خاندانلىقىنىڭ خۇاڭشۇ يىللىرى،
دۇنخۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ۋاڭ راھىب بىر كىشىنى
ياللاپ مۇگاۋ ئۆڭكۈرىدىكى يەتتە بۇت قەسرىدە نوم
كۆچۈرگۈزۈپتۇ. بىر قېتىم نوم كۆچۈرگۈچى غاڭزىسىدىكى
تاماكىسىنى تۈتاشتۇرۇپ چېكىپ غاڭزىنى ئالدىدىكى تام-
نىڭ يېرىقىغا قىستۇرۇپ قويماقچى بولۇپ، غاڭزىنىڭ
ئۇزۇن قومۇش سېپىنى يېرىققا تىققان ئىكەن، قومۇش
تامنىڭ يېرىقىغا كىرىپ كېتىۋېرىپتۇ. غاڭزىسى بىلەن تامنى
ئۇرۇپ كۆرسە، ئىچى كاۋاكتەك ئاۋاز چىقىپتۇ. ۋاڭ راھىب
جوتۇ بىلەن تامنى چانىسا بىر كىچىك ئىشىك چىقىپتۇ. لاي
بىلەن سۇۋۇۋەتكەن بۇ ئىشىكنىمۇ چاناپ ئېچىپتىكەن، بىر
ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. كۆلىمى بىر جاڭدىن ئوشۇقراق كېلىدى-
غان چاسا ئۆي ئىكەن. قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدە ئاق رەختكە
ئورالغان نەرسىلەر دۆۋىلەگىلىك تۇرغۇدەك، بولاقلارنىڭ
ئاستىغا نوم ئورايدىغان رەختلەر بىلەن سىزما رەسىملەر
سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە ئورام ـ ئورام قولىيازمىلار نا-
ھايىتىمۇ رەتلىك تىزىپ قويۇلغان ئىكەن. مانا بۇ كېيىن
داڭقى دۇنياغا پۇر كەتكەن دۇنخۇاڭ مۇگاۋ ئۆڭكۈرىدىكى
مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىر ئىدى.

ۋاڭ راھىب قارا قورساقراق ئادەم بولغاچقا بۇ مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىگەن. ئۇ بە-
زى قولىيازمىلار بىلەن رەسىملەرنى ئاپىرىپ دۇنخۇاڭ نا-
ھىيىسىنىڭ ئامبىلى ۋاڭ زۇڭخەنگە سوۋغا قىلغان. ۋاڭ
ئامبال سەل مال تونۇيدىغان ئادەم ئىكەن. ئەمما، ئۇمۇ
ۋاڭ راھىبتىن ئالغان نەرسىلەرگە پەقەت ھۇزۇرلىنىش
قىممىتى بار قەدىمىي ئاسارئەتىقە، دەپلا قاراپ، ئەمەل-
دارلار سورۇنلىرىدا دوست ـ يارەنلىرىگە سوۋغا قىلىپ
بېرىپ تۈگەتكەن، 1902 ـ يىلى گەنسۇنىڭ مائارىپ ئە-
مەلدارى يې چاڭچى ۋاڭ ئامبالنىڭ قولىدا يەنە بىر نەچچە
ئورام قەدىمىي قولىيازما ۋە ئەسەرلەرنى كۆرگەن. يې
چاڭچى بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلە-
لەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى فەنتەي يامۇلىغا بۇ
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆلكىگە يۆتكەپ ساقلاش
تەكلىپىنى بەرگەن. فەنتەي يامۇلى ھېساب قىلىپ بېقىپ:
بۇ قەدىمىي ئەسەرلەرنى دۇنخۇاڭدىن ھارۋىغا بېسىپ
ئۆلكىگە يۆتكىسەك، ئاز دېگەندە مىڭ سەردەك كۈمۈش
كېتىدىكەن، زادى مۇنچىلىك قىلىپ كېتىشكە ئەرزىمىدۇ،
دەپ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان. لېكىن، ھۆكۈمەت ئىشى
بولغاچقا فەنتەي يامۇلى قولىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ بىر ئا-
لاقىنى يېزىپ، دۇنخۇاڭ ناھىيىسىگە «مىراس ئەسەر ۋە
رەسىملەر ئوبدان پېچەتلەپ ساقلانسۇن» دېگەن ھۆج-
جەتنى چۈشۈرگەن. ناھىيە بۇ ئالاقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان-
دىن كېيىن، ئۇلارمۇ بىر ئالاقە يېزىپ ۋاڭ راھىبقا چۈ-
شۈرگەن. «ئوبدان پېچەتلەپ ساقلاش» مەجبۇرىيىتى
ۋاڭ راھىبنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، تا-
رىخنىڭ ئاچچىق بىر چاقچىقى بىلەن دۇنيادا كەم ئۇچ-
رايدىغان بۇ ئاجايىپ بايلىقلارنىڭ تەقدىرى ۋاڭ راھىبنىڭ
قولىغا چۈشكەن. ئەمما، سەلتەنەتلىك مەنچىڭ خاندانلى-
قىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولسا بۇ ئىشنى پە-
سەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمىغان.

ۋاڭ راھىب قانداقمۇ بۇ مىراسلارنى ئوبدان پېچەتلەپ
ساقلىيالىسۇن، ئۇ بىر ساندۇق قولىيازمىلارنى جۇجۇەنگە
ئەكېلىپ ئەنسۇداۋنىڭ دوتىيى مانجۇ تىلىڭ دوڭغا تەقدىم
قىلدى. تىلىڭ دوڭمۇ مال تونۇمايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇ
قولىيازمىلارنىڭ پۇچۇركىسىنى «مېنىڭكىگە يەتمەيدى-
كەن»دەپ، ئۇمۇ بۇ قولىيازمىلارنى باشقىلارغا سوۋغا
قىلىپ بېرىۋەتكىلى تۇرغان. دەل شۇ چاغدا جىيايۇگۇەندە
باج ئىشلار مەھكىمىسىدە بىر بېلگىيىلىك كىشى بولۇپ،
ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى توشۇپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغانى-
دى. ئۇ تىلىڭ دوڭ بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ بارغاندا،
تىلىڭ دوڭ ئۇنىڭغا قولىيازمىلاردىن بىر قانچە ئورامنى
سوۋغا قىلىپ بەرگەن ۋە «بۇلار دۇنخۇاڭنىڭ تاش كا-
مىرىدىن تېپىلغان قەدىمىي ئەسەرلەر بولىدۇ»دەپ چۈ-
شەندۈرگەن. ھېلىقى بېلگىيىلىك شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، بۇ
قەدىمىي ئەسەرلەرنى شىنجاڭ گېنېرالى چاڭ گېڭ ۋە

دوتەيلەرگە بۆلۈپ بېرىۋەتكەن. دۈنخۇاڭدا قـەدىـمـي
ئەسەرلەر ساقلانغان بىر كامىرنىڭ بايقالغانلىقى توغرىسى-
دىكى خەۋەر مانا مۇشۇنداق ئەتراپقا تاراپ كەتكەن.

2

1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە جاھاڭ-
گىرلىكى جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى توپ ـ زەمبىرەكـلـەر
بىلەن ئاچقاندىن كېيىن، غەربنىڭ ئاتالمىش ئالىم، دىن
تارقاتقۇچى، ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى جۇڭ-
گوغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىغان. ئۇلار دىن تەرغىپ
قىلىش، خەرىتە سىزىش، گېئولوگىيىلىك چارلاش ئېلىپ
بېرىش، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش، تىل دىئالېكتى-
كىلىرىنى تەتقىق قىلىش دېگەندەك ۋىۋىسكىلارنى ئېسى-
ۋېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچىلىك ئەي-
مەنمەي ئۇسۇپ كىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلغانىدى. دۇن-
خۇاڭ مۇگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ تاش كامىرىدا ساقلانغان قە-
دىمي ئەسەرلەرمۇ بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىمى جىڭ جىندو 1956 ـ يە-
لى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغاندا، لېنىنگـرادتـا
ھازىرقى سانت پېتېربورگ قىشلىق ساراي مـۇزېـيـىـنى
ئېكسكۇرسىيە قىلغان ھەمدە شەرق تەتقىقات يۇرتىغا بې-
رىپ دۇنخۇاڭدا بايقالغان قوليازمىلارنى كۆرۈپ (10مىڭ
ئورامدىن ئاشىدىكەن) بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن. بۇ 10
مىڭ ئورامدىن ئوشۇق خەنزۇ يېزىقىدىكى قەدىمي قول-
يازمىلاردا كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بو-
لۇشى چوقۇم ئىدى... جىڭ جېنرو دوستىغا يازغان بىر
پارچە خېتىدە: «بۈگۈن چۈشتىن ئىلگـىـرى دۇنـخـۇاڭ
قولىيازمىلىرىنى كۆردۈم. ھەممىسى بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ
يۈز ئورامدەكنى كۆردۈم. ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالدىن تال-
لاپ قويغانلىرى ئىكەن. كىم بىلىدۇ، قالغانلىرىنىڭ ئىچىدە
يەنە قانچىلىك قىممەتلىك نەرسىلەر بار بولغىيتتى. مەن
كۆرگەن بۇ نەچچە يۈز ئورام قولىيازما ئىچىدىمۇ كىشىنى
ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىلەر ئاز ئەمەسكەن...» دې-
گەن. لېنىنگراد شەرق تەتقىقات ئورنى دۇنخۇاڭدا يوقال-
غان قولىيازمىلاردىن 12مىڭ ئورامدەكنى يىغـقـان. بـۇلار
1905 ـ يىلى 10 ـ ئايدا روسىيىلىك ئوبروچېب ۋە 1914 ـ
يىلى ئودىنبورگلار دۇنخۇاڭدىن ئوغرىلاپ كەتكەن نەر-
سىلەر ئىدى. ئوبروچېب بۇ قولىيازمىلارنى دۇنخۇاڭدىن
قانداق ئوغرىلاپ كەتكىنىنى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلمەيدۇ.
ئۇ مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىرغا بىرىنچى بولۇپ
يېتىپ كەلگەن غەربلىك بايلىق ئوغرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ
كەلگەن ۋاقتى ئەنگلىيىلىك ستەيىندىنمۇ ئىككى يىل ئىل-
گىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر روسىيىلىك ئو-
دىنبورگ دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلگەندە، مىراس ئەسەرلەر
ساقلانغان كامىردا ھېچقانچە قولىيازما قالمىغانىدى. ئو-
دىنبورگ قولىيازمىلارنى ۋاڭ راھىبتىن ئېلىش بىلەن بىللە
يەنە شۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەردىنمۇ بەزى ئە-
سەرلەرنى يىغىپ سېتىۋېلىپ، ئاز بولمىغان ئېسىل مىراس-
لارنى قولغا چۈشۈرگەن. كونكرېت ئەھۋاللار توغرىسىدا
ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىگە خاتىرە قالدۇرغان. بۇ
خاتىرە ھازىر سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنىڭ ئارخىپ سارىيىدا ساقلانماقتا. ئودىنـبـورگ ۋە
ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ دۇنخۇاڭدىكى مىراس قولىيازمى-
لارنى قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى دۇنياغـا ئـوچـۇق
ئاشكارىلاش ياكى خەلققە ئېيتىش ۋاقتىمۇ كېلىپ قالار.

3

1879 ـ يىلى، ۋېنگرىيە گېئولوگىيىلىك تەكـشـۈرۈش
ئورنىنىڭ باشلىقى لوكاچ ۋە سېھىنلار دۆلىتىمـىـزنـىڭ
غەربىي ـ شىمالىي گەنسۇ ئەتراپىدا جۇغراپىيىلىك تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ باردى. لوكاچ دۇنخۇاڭغا كەلگەندە، مۇگاۋ
ئۆڭكۈرىدىكى تەڭدىشى يوق تام رەسىملىرى ۋە بۇتلارنى
كۆرۈپ ئىختىيارسىز «ئاپىرىن!» دەۋەتتى. مۇگاۋ ئۆڭ-
كۈرىنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭقۇر
بولغان ئىدى. ئارىدىن 20 يىل ئۆتـۈپ، 1902 ـ يـىـلى
گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە خەلقئارا شەرق ئىلمي
يىغىنى چاقىرىلغاندا، لوكاچ دۇنخۇاڭدىكى بۇددا سەنئىتى
توغرىسىدا دوكلات قىلىپ، مۇگاۋ ئۆڭكۈرىدىكى تام رە-
سىملەر ۋە بۇتلارنىڭ نەپىسلىك، گۈزەللىك تەرەپلـىـرىـنى
قىممىتىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى. ئۇنىڭ «قىزغىن
بايانى» شۇ يەردە ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ ئـاغـزىـدىن
سېرىق سۇ ئاققۇزۇپ، ئوي ـ خىياللىرىنى ئاللىقاياقلارغا
ئېلىپ كەتتى. بۇ كىشى دەل ستەيىن ئىدى. ستەيىنمۇ
ۋېنگرىيىلىك، ئەمما ئۇ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بول-
غان ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي ـ شىمال چېگرا يا-
قىلىرىدىكى مائارىپ مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.
كېيىن ھىندىستاننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئور-

نىغا يۆتكەلگەن ئىدى. ئۇ تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئىككى قېتىم دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىردى. بىلگىيىلىك-لەردىن دۇنخۇاڭدا مىراس ئەسەرلەرنىڭ بايقالغانلىقىنى ئۇقۇپ، 1907- يىلى 5- ئايدا تەقەززالىق بىلەن دۇن-خۇاڭغا يېتىپ كەلدى.

ستەيىن داڭلىق سانسكرىت يېزىقى ئالىمى ئىدى، گەرچە ئۇ خەنزۇ يېزىقىنى بىلمىسىمۇ تەرجىمان ياللاپ ئىشلەتتى. ستەيىن ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئو-لوگ خاتىرىسى»دە مۇنداق يازىدۇ: ۋاڭ راھىبنىڭ قول-دىكى چىراغ سۇس پىلىلداپ تۇراتتى. كۆز ئالدىم بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. قولىيازمىلار يەردە تۆپە- تۆپىسىگە قالايمىقان دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئېگىزلىكى 10 فوت ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئۆلچىگىنىمىزدە 500 كۇپ فوتچە چىقتى. بۇ كىچىك ھۇجرا تەخمىنەن توققۇز فوت چامىسىدىكى چاسا ئۆي ئىكەن...»، «ئو-رام- ئورام قولىيازمىلاردىن باشقا يەنە رەسىم سىزىشقا ئىشلىتىدىغان رەڭسىز قاتتىق رەختكە ئوراپ قويىغان يو-غان بىر بولاقمۇ بار ئىكەن، ئاچساق ھەممىسى قەدىمىي رەسىملەر ئىكەن. رەڭلىرى ناھايىتىمۇ تەڭشەلگەن بولۇپ، يېپيېڭى چاقناپ تۇراتتى». شۇ چاغدا ستەيىن ئۈنچىقماي ۋاڭ راھىبقا يەر ئاستىدىن قارىدى. ئۇ ۋاڭ راھىبنىڭ بۇ قىممەتلىك قولىيازما ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىغا پەرۋاسىز قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە يىنىكلەپ قالغاندەك بولدى. «ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ قىزغىن كەيپىياتىمنى بىلدۈرمىگىنىم ياخشى»دەپ ئويلىدى.

ستەيىن ئېلىپ كەتكەن مىراس ئەسەرلەر 10 مىڭ ئورامدىن ئاشىدۇ، ئۇ يەنە نۇرغۇن سىزما رەسىملەر، كەشتە، شايىغا سىزىلغان رەسىملەرنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ-نىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى بىر چاڭدىن ئاشىدىغان، كەڭلىكى بەش- ئالتە چى كېلىدىغان، تاڭ دەۋرىدە كەشتىلەنگەن ئاۋالوكتىسى سۆۋارا ① نىڭ رەسىمى، ياغاچ ئويمىدا بې-سىلغان ۋاجرا نومى، نوم ئۈستىدە نەپىس ئىشلەنگەن بۇت رەسىملىرى بار ئىدى. بۇ دۇنيادىكى ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى باسما بۇيۇملىرى، ئەڭ دەسلەپكى نادىر ئويما رەسىملەر ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ستەيىن ۋاڭ راھىبقا 14 پارچە يامبۇ بەرگەن. بۇ 14 پارچە يامبۇ زادى قانچە سەر كۈمۈش بولىدۇ؟ «يىپەك يولىدىكى چەت ئەل ئالۋاستىلىرى» دېگەن كىتابقا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 720 سەر كۈمۈشكە باراۋەر كېلىدىكەن.

16 ئايدىن كېيىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ دۆلەت تەۋەررۇكلىرى لوندوننىڭ بىرىتانىيە مۇزېيىغا تىزىپ قو-يۇلدى.

4

ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگىنى فىرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پائۇل پېللىئوت بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بىر ئېكسپېدىت-سىيە ئەترىتىنى باشلاپ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك قې-زىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى. ئۇ گېنېرال چاڭ گېڭ ئۆ-زىگە سوۋغا قىلغان بىر پۇتدا نومنىڭ تاڭ دەۋرىگە تە-ئەللۇق نۇسخا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبە-سىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئېنىقلاپ بىلىۋالدى- دە، 1908- يىلى 3- ئايدا دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلدى. پائۇل پېللىئوت كەڭ مەلۇماتقا ئىگە خەنزۇشۇناس ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇچىدىكى مۇستەھكەم ئاساسى ۋە مول ئارخېئولوگىيىلىك بىلىمى بىلەن قولىيازمىلار ساقلىنىۋاتقان كامىردىكى بارلىق مىراس ئەسەرلەرنى بىر قېتىم كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۇ ئۆزى: «كامىردىكى قولىيازمىلار غەيرىي كۆزلەردىن خالىي تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق دېسەممۇ ئوشۇق كەتمەيدۇكى، بۇ نەرسىلەر يوقىلىدىغان بولسا ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدۇ» دېگەنىدى. پائۇل پېللىئوتنىڭ مىراس قولىيازمىلار ساقلانغان كامىردا ئۆزىنى ئۆزى تارتقان بىر پارچە رەسىمى بار. رەسىمدىن ئۇنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان قولىيازمىلار ئالدىدا زوڭزى-يىپ ئولتۇرۇپ، چىراغ يورۇقىدا ئەسەرلەرنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ كۆرۈۋاتقىنىنى كۆرىمىز... ئۇ كامىردا ئۈچ ھەپتە تۇردى. ھەر بىر قولىيازمىنى كۆرۈپ چىقىپلا قالماستىن ھەر بىر ۋاراق قەغەزگىچە ۋاراقلاپ چىقتى. ئۇ پىششىق خەنزۇ



تىلى ئاساسى ۋە جۇڭگو تارىخىي بىلىملىرى بىلەن، قوليازمىلار ئىچىدىكى ئېسىللىرىنى تالالاپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى قوليازمىلار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىكلىرى ئىدى. مەسىلەن، ئۇ داۋجىياۋ دىنىغا ئائىت مۇقەددەس كىتابلار قوليازمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوغرىلاپ ماڭغان. بۇنىڭ 60 ـ 70 پارچىسىنىڭ ھەممىسى پارىژدا ساقلانماقتا. دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى شۇ يەردىكى: ئۇنىڭدا نۇرغۇن قەدىمىي تەلىماتلار، ئىزاھ ۋە شەرھلەر ساقلىنىپ قالغانىدى. مەسىلەن: «مۇھاكىمە ۋە بايان»نىڭ ھازىر پەقەت خې يەن ئىزاھلىغان بىرلا نۇسخىسى بار. دۇنخۇاڭ تاش كامىرىدا بولسا خۇاڭ كەن ئىزاھلىغان نۇسخىلىرى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى خەن دەۋرى بىلەن ۋېي، جىن بەگلىكلىرى ئارىلىقىدا ئۆتكەن كىشىلەر سۆزلىگەن «مۇھاكىمە ۋە بايان» نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى كىرگۈزۈلگەنىكەن. بۇلارنىڭمۇ ھەممىسىنى پائۇل پېللىئوت ئوغرىلاپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىمۇ ماختىنىپ، مەن ئېلىپ كەتكەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دۇنخۇاڭ قوليازمىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىممىتى بارلىرى، دېگەنىدى. ئۇ ستەيىن تەرجىمانىغا بېقىنىپ قېلىپ دىققەت قىلماي قالغان ئەڭ قىممەتلىك قوليازمىلار ۋە تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيىگە ئائىت قىممەتلىك ئەسەرلەر بولۇپ 6000 ئورامدىن كۆپ نۇسخىدىكى يازما مىراسلار ھەم بىر قىسىم رەسىملەرنى ئۇن ھارۋىغا بېسىپ پارىژغا ئېلىپ كەتتى.

5

ئوبروچېب، ستەيىن، پېللىئوتلاردىن كېيىن، 1911 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۇنخۇاڭغا ياپونىيىنىڭ ئوتانى يېتەكچىلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يېتىپ كەلدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەزالىرى ئىچىدە تاچىبانا ۋە سۇن رۇڭسەنلاڭلار بار ئىدى. ئۇلار ۋاڭ راھىبنىڭ قولىدىن 500 ئورامدىن ئوشۇق قوليازما ۋە ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن ئىككى بۇتنى ئالداپ ئېلىپ كەتتى.

1909 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پېللىئوت جۇڭگوغا يەنە بىر نۆۋەت كەلدى. ئۇ جۇڭگو ئالىملىرىغا ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن پارلاق نەتىجىلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئالغاچ كەلگەن دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىنى بېيجىڭ ئالتە دۆلەت مېھمانخانىسىدا كۆرگەزمە قىلدى، جۇڭگو ئالىملىرىدىن لوجېنيۇ، دۇڭ كاڭ، جاڭفۇ قاتارلىقلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، پېللىئوتنى زىيارەت قىلىپ بارغانىدى، پېللىئوت ئۇلارنى دۇنخۇاڭدىكى مىراسلار ساقلانغان كامىرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى... جۇڭگو ئالىملىرى دۇنخۇاڭ مىراسلىرىنى شۇ چاغدا ئاندىن كۆرۈپ، قولىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كېتىشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى «شۇنتيەن شىباۋ» گېزىتى، تيەنجىن «داگۇڭباۋ» گېزىتلىرى «تاش كامىردا ساقلانغان ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى» دېگەن ماۋزۇلاردا خەۋەرلەرنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنخۇاڭدا بايقالغان مىراس ئەسەرلەر ساقلىنىۋاتقان كامىرنىڭ خەۋىرى بېيجىڭنىڭ ئىچى ـ تېشىغا تارقالدى. چىڭ ھۆكۈمىتى مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئاندىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولدى.

1909 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، يەنى دۇنخۇاڭدىكى مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىر بايقىلىپ توققۇز يىلدىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىم يۇرتى ② بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەمدە ئالتە مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى. دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان 49 ـ نومۇرلۇق ئالاقىدا: «ئىلىم يۇرتىنىڭ يىغىپ سېتىۋېلىش بۇيرۇقىغا بىنائەن، بۇ ناھىيە بۇيرۇقنى ئىلمىي نازارەت بىلەن بىرلىكتە كۆپچىلىككە ئۇقتۇرۇڭلار. ئىلگىرى دۇنخۇاڭ كامىرىدا ساقلانغان مىراسلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ سېتىۋېلىپ ئۆلكىگە يەتكۈزۈپ بېرىڭلار... مىڭ ئۆيلەردىكى بۇرۇنقى نۇسخىدىكى قوليازمىلارمۇ ئۆلكىگە يەتكۈزۈلسۇن، ئۇ يەر كۇڭزى ئىبادەتخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلسۇن» دېيىلگەن. 1910 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ ئايلار ئارىلىقىدا دۇنخۇاڭ ناھىيىسى بىرىنچى تۈركۈمدىكى دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىدىن 6004 ئورام قوليازمىنى ھارۋىغا قاچىلاپ يولغا سالدى. بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئېشىپ قالغان بۇ مىراس ئەسەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى يەنە دۇنخۇاڭدىن بېيجىڭگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوغرىلىنىپ، چېچىلىپ تۈگىدى، ئەسەرلەر بېسىلغان ھارۋا بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندا، شىنجاڭنىڭ چارلاش ئەمەلدارى خې يەنشىڭنىڭ ئوغلى خې جىنيى كۈتۈۋېلىپ، ھارۋىنى ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە خې جىنيىنىڭ قېيناتىسى لى شېڭدو ۋە ليۇتىڭچېن،

www.uyghurkitap.com



فاڭ ئەرچيەن قاتارلىق كىشىلەر مىراس ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللاپ ئوبدانلىرىنى ئېلىپ قالدى ۋە ئۇزۇنراق قوليازمىلارنى بۆلۈپ ئىككى ـ ئۈچ قىلىپ، كېمەيگەن سانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ قويدى. لى فامىلىلىك ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېيىن ساتقان قوليازمىلىرىنىڭ كاتالوگىغا قارىغاندا، لى شىڭدو ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان مىراس ئەسەرلەر تۆت ـ بەش يۈز ئورامدەك باركەن. خې جىنيىنىڭ تىقىۋالغانلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئىدى. خې جىنيى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكە ئۇ ئېلىۋالغان قوليازمىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرى ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام قىلىشىپ تۈگەتكەن. شۇڭا، خې فامىلىلىكلەرنىڭ مىراس ئەسەرلەردىن زادى قانچىلىك ئېلىپ كەتكەنلىكىنى تاكى بۈگۈنگىچە ئېنىقلىغىلى بولمىدى. ھازىر توكيودا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم قوليازمىلار ۋە تەيۋەن مەركىزىي كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 150 ئورامدىن ئوشۇق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا خې، لىلارنىڭ تىقىۋالغان قوليازمىلىرىدىن ئىدى. بۇ خىل ئاپئاشكارا ئوغرىلىق قىلمىشىنى ئىلىم يۇرتى ئامبىلى باۋشى پادىشاھقا مەلۇماتنامە سۇنۇپ ئەيىبلىگەنىدى. لېكىن، ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈۋاتقان بولغاچقا، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم چىقماي قالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرى 1910 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا ساقلاشقا قويۇلغاندا، قوليازمىلارنىڭ سانى دۇنخۇاڭدىن يۆتكەشكە باشلىغاندىكىگە قارىغاندا كۆپىيىپ 8697 ئورام بولۇپ قالغانىدى، 1929 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قوليازمىلارنى بېيجىڭ كۈتۈپخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە بولسا 9871 ئورام بولۇپ قالغان. قوليازمىلارنىڭ سانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى بېيجىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىنىڭ سانى 10مىڭغا يېقىن بولۇپ، بېيجىڭ كۈتۈپخانىسى دۇنيادىكى دۇنخۇاڭ مىراس ئەسەرلىرىنى ساقلاۋاتقان ئۈچ چوڭ كۈتۈپخانىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 6

1900 ـ يىلى دۇنخۇاڭدىكى مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىر بايقىلىپ 1949 ـ يىلغا كەلگەندە چاڭ شۇخۇڭ ئەپەندى دۇنخۇاڭ مۇگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان ھېلىقى كامىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئورۇندا يەنە پارچە ـ پۇرات توم قوليازمىلىرىنى بايقىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇلار مۇگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك بىر بۇتخانىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بولغان، ئانچە قىممىتى بولمىغان ئۈچ بۇتنى يۆتكىمەكچى بولغاندا، بۇتنىڭ ئىچىدىكى لىم ياغاچنىڭ بېشى بۇتنىڭ ئاستىدىكى يەرگە ناھايىتى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلگەنلىكتىن يۆتكىيەلمەي قالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئەڭ ياخشىسى بۇتنى بۇزۇۋەتمەكچى بولغان. بۇتنى بۇزۇشقا باشلىغاندىن كېيىن قارىسا، بۇتنىڭ ئىچىدىكى ياغاچ لىمغا ئورالغان ماتېرىيال مەڭگەن ياكى قومۇش بولماستىن قوليازما پارچىلىرى ئىكەن. چاڭ شۇخۇڭ ۋە ئارخېئولوگ شيانەي، دۇنخۇاڭشۇناس شياڭ دا قاتارلىقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، تېپىلغان نوم تېكىستلىرى 66 جىلد بولۇپ، پىرتىقلىرى 35 پارچە ئىكەن. بۇ دۇنخۇاڭدىكى مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىر بايقالغاندىن كېيىن يەنە بىر چوڭ بايقاش ھېسابلىنىدۇ. بۇزۇۋېتىلگەن ئۈچ بۇت 1900 ـ يىلى مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىر بايقىلىشىنىڭ ئالدىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قوليازمىلار مىراس ئەسەرلەر ساقلانغان كامىردىكى قوليازمىلاردىن ئەمەس. قەغەز ۋە خەت شەكىللىرىدىن قارىغاندا ئالتە سۇلالە دەۋرىگە مەنسۇپ مىراسلار ئىكەن. بۇ بىزگە مۇگاۋ ئۆڭكۈرىدىكى ئەسەرلەر ساقلانغان كامىرنىڭ سىرتىدىمۇ قوليازمىلارنىڭ ئۇچراپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇگاۋ ئۆڭكۈرىدە مۇندىن كېيىنمۇ مىراس ئەسەرلەر ساقلىنىۋاتقان يېڭى كامىرلار بايقىلىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا گۇمان كەتمەيدۇ.

①ئاۋالوكتىسى سۋارا ـ بۇددا دىنىدىكى شەپقەتچى كەبۇدە.
②ئىلىم يۇرتى (学部) ھازىرقى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە تەڭ.

خەنزۇچە «كىتابلاردىن تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 1 ـ سانىدىن **مەتتىمىن ھوشۇر** تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارى

تۇرسۇنجان لېتىپ ياركەندى



2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پارىژدا مەملىكىتىمىز يوللىغان «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىنسانىيەت مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتكۈل مەملىكىتىمىز، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ، قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. ھەقىقەتەن بۇ خۇش خەۋەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان «مۇقام سەنئىتى»نى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن تالاي ئەجىرلىرى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان «مۇقام سەنئىتى»نى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش يولىدا قىلىنغان بارلىق تىرىشچانلىقلار ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ ئالىي مۇكاپات ئىدى.



پارتىيە ـ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا يېرىم ئەسىردىن بېرى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كۆپلىگەن تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى لېنتىغا ئېلىش، نوتىغا ئېلىپ كىتاب قىلىش، CD، VCD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نۇقتىلىق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، بۇگۈنكىدەك مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئەمما، ئومۇميۈزلۈك كۆز قارىشىنىڭ مۇكەممەل تىكلەنمىگەنلىكى، تەتقىقاتنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى، مەبلەغنىڭ كەم بولۇشى قاتارلىق خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ خىزمەتتە يەنىلا بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەت دەل مۇشۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، مۇقام تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ مۇقام تارىخىدىكى زور خۇشاللىنارلىق ئىش.

مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

**1. مۇقام سەنئىتىگە بولغان تارىخىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنىڭ توغرا بولماسلىقى**

بۇ ئاساسەن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىختا بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن شەيئى بولماستىن بەلكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يوسۇندا، ئۇزاق مۇددەتلىك بارلىققا كېلىش، مۇكەممەللىشىش ۋە

تولۇقلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكىدەك تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ھەمدە ئۇنى يەنە تەرەققىي قىلمايدىغان (ۋايىغا يېتىپ بولغان) ھادىسە دەپ قاراش. نەتىجىدە، مۇقامنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ۋە بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى چەكلەش، توسۇشقا ئۇرۇنۇش خاھىشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل كۆز قاراش گەرچە، جامائەت پىكرى جەھەتتە ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنالمىغان بولسىمۇ ئەمما، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى زىيىنى ئاز ئەمەس.

بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى بىرىنچىدىن، ئامانىنساخان دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇقاملىرىمىزنىڭ كەم يەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا تولۇقلاش ئۈچۈن ئىزدىنىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزدىن ۋاز كېچىش (يەنى مۇقامغا تېگىشلىك بولمايدۇ، دەپ قاراش)؛ ئىككىنچىدىن، «رۇخسارى مۇقامى»غا ئوخشاش پۈتكۈل خەلقىمىز ئېتىراپ قىلىپ ئورۇنداپ كېلىۋاتقان مۇقاملىرىمىزنى چەتكە قېقىش، ئېتىراپ قىلماسلىق (يەنى قانداقتۇر، مۇقام قايتا ئىجاد قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭدىن يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەندەك سەپسەتىلەرنى تارقىتىش) قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى بويىچە ئېيتقاندا، مۇقام قەدىمكى زامان ئادەملىرىگە خاس بولغان ئىجادىيەتمىش، ئۇنى ھەرگىزمۇ كېيىنكى دەۋردىكى كىشىلەر ئىجاد قىلسا بولمايمىش.

ئاتاقلىق تۆھپىكارلىرىمىزدىن زىكرى ئەلپەتتا ئەپەندى مۇقام رەتلەش خىزمىتىگە بىر ئۆمۈر كۈچ چىقارغان ھەمدە ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەسسە قوشۇپ، ھەجمى كىچىكرەك بولسىمۇ «رۇخسارى»دەك بىر مۇقامنى تىكلەپ، XX ئەسىر مۇقام تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، خەلق ئارىسىدا بىر ئەسىرگە يېقىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر مۇقام رەھمەتلىكنىڭ زاماندىشلىرى تەرىپىدىن ھايات ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلىنماي ياكى «يېتەرسىزلىكى» تەنقىد قىلىنماي تاكى ۋاپاتىغىچە رادىئو ۋە مەتبۇئاتلاردا «رۇخسارى ناملىق ئەسىرى» دەپ ئېلان قىلىنىپ كەلگەندى. پەقەت، مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەردىلا تۇنجى قېتىم رەسمىي ھالدا «رۇخسارى مۇقامى»دەپ ئاتالدى ①.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئازاد سۇلتان ئەپەندى «خەلق ئۇنتۇمايدۇ» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ:« بىز بىر تەرەپتىن، بۇ بىباھا بايلىقىمىزنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنى ئۆز قىممىتى بويىچە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇقام خەزىنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. مۇقام ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجادىيەت روھى (جۈملىدىن مۇقام تەتقىقاتى) ھەرگىزمۇ ئۆلۈك، قاتمال نەرسە ئەمەس بەلكى ئۇ، ئوچۇق ھالدىكى، ھەرىكەت ئۈستىدىكى يېڭىلىق يارىتىش روھىدۇر» ② . مانا بۇ، دەل بىز تەكىتلەۋاتقان مۇقام تەتقىقاتى، تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئىزچىل پرىنسىپىدۇر.

**2. مۇقاملارنىڭ سانىغا نىسبەتەن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ناتوغرا پەرەز ۋە تەسەۋۋۇرلار**

ئۇيغۇر مۇقاملىرى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «چوڭ نەغمە» ( 大曲 ) دەپ ئاتالغان. مۇقام بىرخىل سەنئەت شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللەتلەر ۋە جايلار ئارا مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ، دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان ③ .

تارىختىكى مۇقام تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلانغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە (XIX ئەسىردە)، مۇقام ئۇستازلىرىمىز قېدىرخان ۋە خانىش ئامانىنساخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئومۇميۈزلۈك بىر قۇر رەتلىنىپ چىقىلغان بولۇپ، شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدىلا مۇقاملار سانى 20دىن ئېشىپ كەتكەن. موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابى ۋە باشقا كۆپلىگەن يازما مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى دەۋردە رەتلىنىپ چىققان ۋە نامى ئاتالغان مۇقاملارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە، بۇلار: 1 ـ راك، 2 ـ چەببيات، 3 ـ سىگاھ، 4 ـ چاھارگاھ، 5 ـ پەنجىگاھ، 6 ـ ئۆزھال، 7 ـ ئەجەم، 8 ـ ئۇشاق، 9 ـ بايات، 10 ـ نەۋا، 11 ـ مۇشاۋەرەك، 12 ـ ئىراق، 13 ـ دۇگاھ، 14 ـ بايادەك، 15 ـ چاھارزەرپ، 16 ـ ئىشرەت ئەنگىز، 17 ـ ۋىسال، 18 ـ ھېجاز، 19 ـ نەۋرۇز، 20 ـ رەھاۋى، 21 ـ ھۆسەينى، 22 ـ رۇست،



23 – كۆجەك، 24 – بۇزرۇك، 25 – زەنگۇلە، 26 – بۇسەلىك، 27 – روھ بېغىشلىغۇچى (مەزكۇر مۇقام پارس نوتەچىلىرى تەرىپىدىن چەكلىنىپ، ئەسلىي نامى يوقالغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ④ . ئەپسۇسكى، تارىختىكى بۇنچىۋالا كۆپ مۇقاملىرىمىز كېيىنچە خوجا – ئىشانلارنىڭ زىيانكەشلىكى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپەتلەر، ساۋاتسىزلىقنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشى، نوتا تېخنىكىسىنىڭ داۋاملىشالمىغانلىقى (يازما ماتېرىياللارنىڭ يوقىلىشى)، پەقەت ئاغزاكى ۋارىسلىق قىلىنىشقىلا تايىنىپ قالغانلىقى ۋە باشقا تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇردى ئاخۇن زامانىسىغىچە يەنى XX ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىغىچە ئاران 12لا مۇقامىمىز يېتىپ كېلەلىگەن بولۇپ، قالغانلىرى ئىز – دېرەكسىز يوقالغان (بۇ ھەقتە دەلىل – ئىسپاتلار ھەممىلا جايدا تېپىلىدۇ. ھەتتاكى، تۇردى ئاخۇن ئاتىمۇ ئۆز ئاغزى بىلەن «رەھمەتلىك ئاتا – بوۋىلىرىم تېخىمۇ كۆپ مۇقاملارنى بىلەتتى، مېنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرى پەقەت مۇشۇلار» دېگەن). دېمەك، ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرۇقلۇق ھەمدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىن بۇرۇنقى ھېچقانداق بىر تارىخىي ماتېرىيالدا «12 مۇقام» دېگەن ئىبارە تېپىلمىسىمۇ (مۇقام ئىجادكارلىرىنىڭ تارىخىدىن بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن نۆۋەتتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تارىخنامە «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن»دىمۇ بۇنداق ئاتالغۇ تېپىلمايدۇ)، تارىختىن بىخەۋەر ھالدا، پەقەت تۇردى ئاخۇن 12نىلا ئېيتىپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن، خاتا ھالدا نامى «12 مۇقام» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

بىراق، تارىخ رەھىمسىز، پەتىۋا ھامان پەتىۋا!... يېقىندىن بۇيان، تۇرپان – توقسۇن رايونىدا «دەرد – داغ مۇقامى»نىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشى بۇنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ دېمەك، ئەمەلىيەتتە تارىختىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئورۇندىلىپ كېلىنىۋاتقان مۇقاملار سانى (دولان ۋە قومۇل دىيارىدىكى كالتە مۇقاملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) 28 دىن ئاشىدۇ (ھازىر نەق بارى جەمئىي 15 مۇقام). قېنى! ھەقىقىي بىر ئەقىل ئىگىسى سۆپىتىدە ئويلىنىپ كۆرەيلى، بىزنىڭ يەنە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سانىنى «12» دەيدىغان نېمە ھەققىمىز بار ئەكەن؟!...

«مۇقاملار ئاتاسىنى (ھۆسەينى) – يۇ، (ئەجەم)دەرلەر» دەپ كۈندە دېگۈدەك ئېيتىپ كېلىۋاتىمىزيۇ – ئەجەبا، بىزدە ئەنە شۇ يوقىلىپ كەتكەن «ھۆسەين مۇقامى»مىزدەك ئېسىل جاۋاھىراتلىرىمىزنىڭ روھىنى بولسىمۇ خوش قىلىپ، نامىنى ياد ئېتىپ تۇرغىدەك ئادەتتىكى مەدەنىيەت ئەخلاقىمۇ يوقمۇ؟!.....ياكى ئۇلارنى تارىختىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدىن يوق قىلىش كېرەكمۇ؟!...

**3. مۇقام نوتىلىرىنىڭ مۇكەممەل خاتىرىلىنىش مەسىلىسى**

يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيانقى نەشر قىلىنغان مۇقام نوتا كىتابلىرىدا ھەقىقەتەن يىلدىن يىلغا زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇ ئەلۋەتتە، نوتا خاتىرىلەش خىزمىتىگە ھەسسە قوشۇۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسى.

گەرچە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر زور بولسىمۇ ئەمما، مەسىلىلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى مۇقام نەغمىلىرىنىڭ قېلىپ شەكلى ۋە ئۇدار شەكلىنىڭ نوتىدا توغرا ئىپادىلەنمەسلىكى، قىسمەن نەغمە ئاھاڭلىرىنىڭ چالا خاتىرىلىنىشى، شۇنداقلا، مۇقام ۋە مۇزىكا ئاتالغۇلىرى ئۈستىدىكى تىل ۋە تەرجىمە خاتالىقلىرى قاتارلىقلار. بۇنداق مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپرەك بولۇپ، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە بىر – بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

**4. مۇقامغا تېكىست ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى**

1)بۇ مەسىلە، مۇقام تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن بىزنىڭ يېزىقىمىزنىڭ تەتۈرلە-

كىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى بىز، دۇنيا بويىچە ئوڭ
ئىشلىتىۋاتقان خەلقئارا نوتىنى تەتۈرگە ئۆرىيەلمەيمىز.
ئۆرىيەلىگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق غەلىتە نوتىنى ئۆزد-
ىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئوقۇيالمايدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر
چىقىش يولى يەنىلا يېزىق ئىسلاھاتىغا تاقىلىدىغان مە-
سىلە. ناۋادا، بۈگۈنكى كۈندە مۇقاملىرىمىزنىڭ CD ۋە
VCD پلاستىنكىلىرى ئىشلەنمىگەن بولسا، مۇزىكا ئىلمى
نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ كىتابلارنىڭ ساقلاش قىممىتى-
نىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە بەش قول-
دەك ئايان. چۈنكى، مۇشۇ بىر ئەۋلاد تەۋەررۇك مۇ-
قامچىلىرىمىزنىڭ ئاۋازىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلا بول-
ساق، كەلگۈسىدە ھېچكىمنىڭ بۇ كىتابلارغا تايىنىپ
مۇقامنى ئەينەن ئوقۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.
شۇڭلاشقىمۇ، مۇقام تەتقىقاتى ۋە رەتلەش خىزمىتىگە
بۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى-
مىز، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىك
ۋە ئىسراپچىلىقلارنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ قەتئىي
ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «دۇنيا
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى»نىڭ تۆرىدىن
ئورۇن ئېلىشى، مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىنى خەلقئارا جەم-
ئىيەتنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەت-
تىن تېخىمۇ زور قوللىشىغا ئىگە قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى
تۈگىتىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا
ھەقىقىي تۈردە ۋارىسلىق قىلىشقا ھەممە دۇنياغا مۇكەم-
مەل ھالدا يۈزلەندۈرۈشكە كەڭ شەرت - شارائىت ھا-
زىرلىدى. مانا بۇ، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى»غا چېچىلغان يەنە



بىر قېتىملىق شانلىق مەرىپەت نۇرلىرى بولۇپ ھېسابل-
ىنىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، كەڭ مۇزىكا خادىملىرىنىڭ بىر نىيەت،
بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، «مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش
ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت بۈيۈك يولدا ئو-
مۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش
قىلىپ، جاپالىق ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە، كەلگۈسىدە
«ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» دۇنيا كلاسسىك مۇزىكا مۇن-
بىرىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جۇلالىق، ئەڭ يارقىن ۋە ئەڭ
مۇكەممەل ئۆزگىچە ئوبرازى بىلەن، ئىنسانىيەت مەدەنى-
يىتىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاچقۇسى!.

دېمەك، مۇقام ئۆلۈك ھالدىكى تۇرغۇن نەرسە ئە-
مەس. خۇددى پروفېسسور ئازاد سۇلتان ئېيتقاندەك، ئۇ
«ھەرىكەت ئۈستىدىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى» بولغان
ئىكەن، ئۇ ئەجدادلاردىن بۈگۈنكى كۈنگىچە پەيدا بولۇپ،
تەرەققىي قىلىپ، تولۇقلىنىپ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت
ئەنگۈشتىرى سۈپىتىدە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تې-
گىشلىك ئورۇن ئالدى. ئەنئەنىۋى مۇقاملار ئۆز تارىخىي
دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغىنىدەك بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يېڭى
دەۋردە مۇقامنىڭ ھەقدار ۋارىسلىرى بولمىش خەلقىمىز
يېڭى - يېڭى مۇقاملارنى ئىجاد قىلىدۇ ۋە كەلگۈسى
ئەۋلادلارغا سۇنىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خەۋىرى» 1986 - يىلى 2 - سان، 48 - بەت.

② ئازاد سۇلتان: «خەلق ئۇنتۇمايدۇ»، شىنجاڭ گېزىتى 1997 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى سانى 5 - بەت.

③ گۇۋەن يېۋېي: «مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1983 - يىلى 1 - سان، 98 - بەت.

④ موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
غىياسىدىن مۇھەممەت بىننى جالالىدىن: «غىياسۇل لۇغەت».
گۇەن يېۋېي: «مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1983 - يىل 1 - سان، 88 - بەت.
مۇقام تارىخىغا ئائىت باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللار.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى سەنئەت شۆبە
ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)

# «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»نىڭ بايان ئالاھىدىلىكى ھەققىدە

خالمۇرات ئىمىن

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» قوچو ئۇيغۇر خانلىقى
دەۋرىنىڭ ئەدەبىي مىراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. بۇ
ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى
فرانسىيىلىك پېللىئوت (pilliot) 1907 ـ، 1908 ـ يىللىرى
ئارىلىقىدا دۇنخۇاڭدىكى مەلۇم كىمىر ئۆيىدىن ئېلىپ كەت-
كەن. بۇ كىچىك كىتابچە شەكلىدىكى قوليازما بولۇپ، 80
بەت ئەتراپىدا. ھەر بىر بېتىگە يەتتىدىن سەككىز قۇرغىچە
خەت يېزىلغان.

مەزكۇر ھېكايە خۇسۇسىدىكى تەتقىقاتلارغا مۇراجى-
ئەت قىلغىنىمىزدا، ئەسەرنىڭ توخرى تىلىدىن قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم. لېكىن تەرجىمە
قىلغۇچى ۋە تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ھەققىدە بىلىدىغان-
لىرىمىز يوق دېيەرلىك. بىلىشىمىزچە كىل خوئارتنىڭ
1914 ـ يىلى «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلغان
ماقالىسى ۋە فرانسىيىلىك خامىلتوننىڭ 1971 ـ يىلى ئېلان
قىلغان ئەمگەكلىرىدە «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»
تىلشۇناسلىق، ۋەسىقەشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قى-
لىنغان بولسىمۇ، ھېكايىنىڭ بايان قۇرۇلمىسى خۇسۇسىدا
تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى.
شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بايان قۇرۇل-
مىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخىچە قولغا ئېلىنمايۋاتقان
مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»نىڭ
بايان قۇرۇلمىسىنى بايانشۇناسلىق، موتىفشۇناسلىق نۇق-
تىسىدىن تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» (تۆۋەندە قىسقارتى-
لىپ «ھېكايە» دەپ ئېلىنىدۇ)دە ئاكا ـ ئۇكا ئىككى تې-
گىننىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان. چوڭ تېگىن ھې-
كايىدىكى باش پېرسوناژ، شۇنداقلا ئەقىللىق، ئاق كۆ-
ڭۈل، تەقۋادار يىگىت، بۇنىڭ ئەكسىچە كىچىك تېگىن قارا
نىيەت، ھەسەتخور. ھېكايە باشتىن ـ ئاخىر قويۇق بۇددا
دىنى تۈسىگە تويۇنغان. ئاكا ـ ئۇكا ئىككى تېگىن ئوتتۇ-
رىسىدىكى خاراكتېر سېلىشتۇرمىسى ۋە كۈرەش بۇددا تە-
لىماتلىرىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ
تېپىك بۇددا قىسسىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى،
ھېكايىنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسىملىرى بىزگە تولۇق
يېتىپ كەلمىگەن. بولۇپمۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى
تېگىننىڭ تەقدىرى خۇسۇسىدىكى مۇھىم ئۈچۈرلار ئېنىق
ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا ھېكايىنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇل-
مىسىنى بايانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىش بىر قەدەر
قىيىن، شۇنداقتىمۇ ھېكايىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئا-
ساسىي ۋەقەلىكى ۋە ھېكايىدە ئەكس ئەتكەن تۈپ ئىدىيە،
ۋەقەلىك مەنتىقىسى ئاساسىدا ھېكايىنىڭ بايان قۇرۇلمى-
سىنى تەتقىق قىلىش تامامەن مۇمكىن.

«ھېكايە»نىڭ ۋەقەلىكى تۆۋەندىكىدەك تۆت باس-
قۇچ بويىچە راۋاجلانغان.

بىرىنچى، ئاق كۆڭۈل تېگىننىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى-
دىكى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك سەۋەبلەر؛

ئىككىنچى، ئاق كۆڭۈل تېگىننىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشى
ۋە سەپەردىكى خىلمۇخىل مۈشكۈلاتلىرى؛

ئۈچىنچى، ئاق كۆڭۈل تېگىننىڭ ئەڭگۈشتۈرگە ئېرى-
شىشى ۋە ئىنىسىنىڭ ئۇنىڭغا قەست قىلىشى؛

تۆتىنچى، ئىككى تېگىننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ۋە ئاق
كۆڭۈل تېگىننىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى.

بىز «ھېكايە»نىڭ يۇقىرىقى تۆت باسقۇچلۇق ۋەقە-
لىك قۇرۇلمىسىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق

www.uyghurkitap.com



چۆچەكلىرىدىكى بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ بايان قۇرۇلمىسىغا تامامەن ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر» چۆچىكىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

1. بىر ئەر ـ ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى بار. ئۇلار ئىچىدە كەنجى ئوغۇل ئاجىز، ئەمما ئەقىللىق، باتۇر. ئۇلار ئالتۇن تېپىنى دىۋىنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

2. سەپەر جەريانىدا ئۇلار ھەر خىل مۇشكۇلاتلارغا دۇچ كېلىدۇ، ئاكىلىرىنىڭ كەينىدىن ئاتلانغان كەنجى باتۇر خىزىر بوۋاينىڭ ياردىمىدە غەلىبىلىك ئىلگىرىلەيدۇ.

3. كەنجى باتۇر ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىبىسل پەزىلەتلىرىگە تايىنىپ ئالتۇن تاپىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، لېكىن ئاكىلىرىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ يارىلىنىدۇ.

4. كەنجى باتۇر مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئىككى ئاكىسى شەرمەندە بولۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

«كەنجى باتۇر» چۆچىكىنىڭ يۇقىرىقى تۆت باسقۇچلۇق ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى باشقا چۆچەكلەردىمۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان. ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك ۋەقەلىك موتىفى ھاسىل بولىدۇ.

1. مەلۇم بىر ئەر ـ ئايالنىڭ بىر قانچە ئوغلى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاق كۆڭۈل، بەزىلىرى قارانىيەت، ھەسەتخور (چۆچەكلەردە ئىجابىي رول ئاساسەن كەنجى ئوغلىغا بېرىلگەن).

2. بۇ يىگىتلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلىنىدۇ (بۇنى «سەۋەب موتىفى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ).

3. سەپەردە ئاق كۆڭۈل يىگىت مەقسىتىگە يېتىدۇ، قارانىيەت، ھەسەتخور يىگىتلەر ئەكسىچە مەغلۇپ بولىدۇ.

4. قارانىيەت يىگىتلەر باتۇر ئىنىسىغا قەست قىلىپ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالىدۇ.

5. قارانىيەت يىگىتلەر تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ، ئاق كۆڭۈل يىگىت مۇرادىغا يېتىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بىر ئائىلىدىكى ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۆزئارا، شۇنداقلا تاشقى دۇنيا بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئاساسىدا ھەققانىيەت ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىدەك تۇرمۇش مەنتىقىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ تۈردىكى سۇژىت ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ۋەقەلىك موتىفى.

ئەمدى بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە ناھايىتى ئومۇملاشقان يۇقىرىقى ۋەقەلىك موتىفىنى «ھېكايە»دىكى ۋەقەلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى («كەنجى باتۇر» چۆچىكى سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ).

«ھېكايە»دە بارناس پادىشاھلىقىنىڭ ئىككى شاھزادىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭى ئاق كۆڭۈل، سەممىي، تەقۋادار. كىچىكى قارانىيەت ھەسەتخور، ئاچكۆز. «چۆچەك»تە بولسا بىر نامرات ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىچىكى ئاجىز بولسىمۇ باتۇر، ئەقىللىق، ئاكىلىرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. بىرىنچى باسقۇچتىكى ۋەقەلىك سېلىشتۇرمىسىدىن مەلۇمكى، بىر ئائىلىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە قېرىنداشلارنىڭ ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىپ تاللىنىشى ئىككى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىدىكى بىرىنچى ئوخشاشلىق. بۇلاردىكى پەرق شۇكى، «ھېكايە»دە ئىجابىي رول ئاكىغا، «چۆچەك»تە ئىنىسىغا بېرىلگەن. بۇ يەردىكى پەرق ئېھتىمال ئىككى ئەسەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان تۇرمۇشتىكى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇرۇقداشلىق ئېڭىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبلىك ئائىلىدە ئاتىدىن قالسىلا چوڭ ئوغۇلنىڭ ئورنى چوڭ بولۇپ، چوڭ ئوغۇل ئائىلە ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى دەپ قارالغان. شۇڭا بۇ دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان كۆپ قىسىم ئەسەرلەردە ئىجابىي روللار، قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇللارغا بېرىلگەن. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇرۇقداشلىق ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ ئائىلىدىكى كىچىك ئوغۇلنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە ئۇلار ئائىلە چىرىغىنى ياندۇرغۇچىغا ئايلانغان. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «كەنجى باتۇر» موتىفى ئەمەلىيەتتە دەل شۇ خىل ئائىلىۋى چۈشەنچىنىڭ نەتىجىسى.

«ھېكايە»دە ئىككى شاھزادە خەلققە بەخت ئېلىپ كەلگۈچى «چىنتەمەنى» ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. «چۆچەك»تىمۇ ئالتۇن تاپىنى دىۋىنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ھېكايە ئاساسىي سۇژىتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان بۇ خىل سەۋەب موتىفى بەك

ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە تەبىئەتتىن ھالقىغان سىرلىق نەرسىلەرگە باغلانغان. باش قەھرىماننىڭ خەتەرلىك سەپەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان بۇ ئەپسانىۋى ئامىل ئىككى ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر ئوخشاشلىق.

«ھېكايە»نىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا ئاق كۆڭۈل تېگىن دانىشمەن بوۋاينىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئەجدىھا ئۆڭكۈرىگە بېرىپ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. لېكىن ھەسەتخور ئىنىسى ئۇنىڭغا قەست قىلىپ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالىدۇ. «چۆچەك»تە كەنجى باتۇر خىزىرنىڭ ياردىمىدە دىۋىلەر ئۆڭكۈرىنى تېپىپ ئالتۇن تاينى قايتۇرۇۋالىدۇ. لېكىن «ھېكايە»دىكى ۋەقەلىككە ئوخشاشلا قېرىنداشلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرايدۇ. ئىككى ئەسەرنىڭ بۇ باسقۇچىدىكى باياندا قىسمەن ھېكايە دېتاللىرىدىكى پەرقتىن باشقا چوڭ پەرق يوق. «ھېكايە»دە ئەجدىھا ئەجايىپ پېرسوناژ بولۇپ بۇددىغا ئىخلاس قىلىدۇ. شۇڭا ئاق كۆڭۈل تېگىن ئۆزىنىڭ خالىس نىيىتى ۋە دىنىي بېلىمىگە تايىنىپ ئەجدىھانى قايىل قىلىدۇ. «چۆچەك»تە دىۋىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە ھەققانىيەتكە قارشى كۈچ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. لېكىن ئىككىلا ئەسەردە باش پېرسوناژ تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچلەرنىڭ («ھېكايە»دە بۇددا، دانىشمەن ئەۋلىيا بوۋاي قاتارلىقلارنىڭ، «چۆچەك»تە خىزىر قاتارلىقلار)نىڭ ياردىمىدە مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىدۇ.

«ھېكايە» ۋەقەلىكىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىدا ئاق كۆڭۈل تېگىن پەرىشتىنىڭ ياردىمىدە قېيناتىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. لېكىن ئىنىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمايدۇ. «چۆچەك»تە كەنجى باتۇر ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان مەلىكە بىلەن بىللە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك «ھېكايە»نىڭ ئاخىرقى قىسمى تولۇق يېتىپ كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئاق كۆڭۈل تېگىننىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇددا ھېكايىلىرىنىڭ ۋەقەلىك مەنتىقىسى ۋە «ھېكايە»دە ئەكس ئەتكەن تۈپ ئىدىيىگە ئاساسەن ئاق كۆڭۈل تېگىننىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرى ئارقىلىق پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ۋە بۇرھان بەختىنى تاپقانلىقىدەك خاتىمىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئىككى ئەسەرنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىتىكى ۋەقەلىكمۇ بىردەكلىككە ئىگە.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» بايان قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «كەنجى باتۇر» چۆچىكىگە ئوخشاش بىر قاتار سېھىرلىك چۆچەكلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ ئەسەرلەرنى بايانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك مۇنداق بايان فورمۇلىسى ھاسىل بولىدۇ.

ئەسلىي ھالەت

(باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى)

ھەققىي باش قەھرىمان سىرلىق كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ.

سىرلىق كۈچلەرنىڭ ياردىمى

ھەققىي باش قەھرىمان ساختا قەھرىمانلار يېنىغا كېلىدۇ، ساختا قەھرىمانلار ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا قەست قىلىدۇ.

ھەققىي باش قەھرىمان ۋە ساختا باش قەھرىمان سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

سىرلىق كۈچلەرنىڭ ياردىمى

ساختا قەھرىمانلار يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. ھەققىي باش قەھرىمان سىرلىق كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە نەشانىغا يېتىپ بارىدۇ.

ئىزگۈ نىشان

بۇ ھېكايىلەردە ئالدى بىلەن تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان باش قەھرىمان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر (ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ياكى دوست ـ بۇرادەرلىرى) تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر» چۆچىكىدە بىر بەختلىك ئەر ـ خوتۇننىڭ ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرى، «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدە پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بايان قىلىنغان بولسا، «ھېكايە»دە بارناس پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاھزادىسى سۆزلىنىدۇ. بىز بۇ باسقۇچنى يۇقىرىقى فورمۇلىدىكى تىبىرمىن بويىچە «ئەسلىي ھالەت» دەپ ئاتايمىز. چۈنكى بۇ باسقۇچتا ھېكايىنىڭ ئاساسىي سۇژېتى تېخى باشلانمىغان. باش قەھرىماننىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق داۋالغۇش بارلىققا كەلمىگەن بولىدۇ. ئارقىدىنلا بۇ ھېكايىلەردە باش قەھرىماننىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان، ھېكايە سۇژېتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە، ھەققىي باش قەھرىمان ۋە ساختا باش قەھرىمان ئىزگۈ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن خە-

تەرلىك سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر» چۆچىكىدە بۇ ئائىلىنىڭ قىممەتلىك ئالتۇن تېپى دىۋىلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىدۇ. كەنجى باتۇر ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى بۇ خاسىيەتلىك تاپنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدە پادىشاھ چۈشىدە تولىمۇ يېقىملىق سايرايدىغان خاسىيەتلىك قۇش ــ بۇلبۇلگويانى كۆرىدۇ. ئۈچ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دىۋىلەر ماكانىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. «ھېكايە»دە پۈتكۈل جانلىقلارنى ئازابتىن خالاس قىلىشنى ئىزدەۋاتقان ئاق كۆڭۈل تىگىن دانىشمەنلەردىن چىنتەمەنى ئەگكۈشتىرى خۇسۇسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ ئىزگۈ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەپەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. روشەنكى بۇ ئەسەرلەردە ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئامىللار ھېكايە سۇژىتىدىكى يادرولۇق فۇنكسىيە رولىنى ئۆتىگەن. بۇ ئامىلنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن باش قەھرىماننىڭ ئىلگىرىكى بىر خىل رىتىمدە كېتىۋاتقان تۇرمۇشى بۇزۇلغان ۋە ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىدىغان ئەگرى ـ توقاي ھېكايە ۋەقەلىكى رەسمىي باشلانغان.

ھېكايىدىكى قەھرىمانلار سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن بىر قاتار مۇشكۇلاتلارغا يولۇقىدۇ. ساختا قەھرىمانلار سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. ھەقىقىي باش قەھرىمان بولسا سىرلىق كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە نىشانغا يېتىپ بېرىپ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ مۇشۇ خىلدىكى ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىك راۋاجىدىكى يەنە بىر ئوخشاشلىق بولۇپ، باش قەھرىماننىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تۆرلۈك كەچمىشلىرى كىتابخانلارنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر» چۆچىكىدە كەنجى باتۇرنىڭ ئاكىلىرى ھەرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە كەنجى باتۇر خىزىر بوۋاي بەرگەن قول ياغلىقنىڭ ياردىمىدە غەلىبىلىك ئىلگىرىلەيدۇ ۋە مەلىكىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن دىۋىلەرنى يوقىتىپ خاسىيەتلىك تاپنى قايتۇرۇۋالىدۇ. «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدە بولسا پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغۇللىرى قورقۇنچاقلىق قىلىپ باشقا يول بىلەن ماڭىدۇ. كەنجى ئوغلى «بارسا كەلمەس» يولىنى تاللاپ ئاخىر خىزىر بوۋاي ۋە دىۋە پادىشاھنىڭ قىزلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇلگۇلگويانى قولغا چۈشۈرىدۇ. «ھېكايە»دىمۇ قارانىيەت تىگىن سەپەرنىڭ يېرىمىدىلا توختاپ قالىدۇ، ئاق كۆڭۈل تىگىن دانىشمەن بوۋاي ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەگكۈشتەرگە ئېرىشىدۇ. دېمەك بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا پەقەت ھەقىقىي باش قەھرىمانلا ئىزگۈ نىشانغا يېتىدۇ، ساختا قەھرىمانلار ئەكسىچە مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەردىكى ھېكايە قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆيدىن يولغا چىقىپ نىشانغا يەتكۈچە بولغان جەريان ھېكايىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى تەشكىل قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن باش قەھرىمان خاسىيەتلىك نەرسىنى ئېلىپ قېرىنداشلىرىنىڭ يەنى ساختا قەھرىمانلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ساختا قەھرىمانلار باتۇر قېرىندىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا قەست قىلىدۇ ۋە غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالىدۇ. بۇ باسقۇچ ھېكايىنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي باش قەھرىماننىڭ جاپالىق كەچمىشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭى ۋەقەلەر ساقلىنىپ ھېكايە سۇژىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر» چۆچىكىدە ئاكىلىرى كەنجى باتۇرنىڭ ئىككى پۇتىنى كېسىپ تاشلاپ، ئالتۇن تاپنى تارتىۋالىدۇ. «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدە باتۇر يىگىتنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، بۇلبۇلگويانى ئېلىپ ئۆيگە قايتىشىدۇ. «ھېكايە»دە بولسا قارانىيەت تىگىن ئاكىسىغا قەست قىلىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى قويۇۋېتىدۇ ۋە ئەگكۈشتەرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىدۇ. ھېكايىدىكى ھەقىقىي باش قەھرىمان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن خۇددى ئىزگۈ نىشانغا ئېرىش سەپىرىدىكىگە ئوخشاش سىرلىق كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە يەنە بىر قېتىم خەتەردىن قۇتۇلۇپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ساختا قەھرىمانلار جازاسىنى تارتىدۇ، باش قەھرىمان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قايتىدىن ئىزىغا چۈشىدۇ. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر» چۆچىكىدە كەنجى باتۇر ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان مەلىكە ۋە ئالتۇن تاپنىڭ ياردىمىدە خەتەردىن قۇتۇلۇپ يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ. ئىككى ئاكىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدە باتۇر يىگىت دىۋە شاھنىڭ مەلىكىسىنىڭ ياردىمىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا بىخەتەر قايتىپ كېلىدۇ. ئىككى ئاكىسى شاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئاساۋ ئاتقا سۆرىتىلىپ ئۆلتۈ-

رولىدۇ. «ھېكايە»دە ئاق كۆڭۈل تىگىن پەرىشتىنىڭ ياردىمىدە قېيناتىسىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. گەرچە يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك ئاق كۆڭۈل تىگىننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاخىرقى بايانلار تولۇق يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، «كەنجى باتۇر»، «بۇلبۇلگويا» چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش خاتىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، مەيلى «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» بولسۇن ۋە ياكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان سېھىرلىك چۆچەكلەر بولسۇن، يۇقىرىقىدەك بايان فورمۇلىسىغا لايىقلاشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تىپتىكى باياني ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئەسەرلەردە ھېكايە ۋەقەلىكى مەلۇم نۇقتىدىن باشلىنىپ يەنە شۇ نۇقتىغا قايتىدۇ، ھېكايىنىڭ خاتىمىسىمۇ ئوخشاشلا بېيىق ھالەتتە ئاخىرلىشىدۇ.

«ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى»نىڭ بايان قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشى بىزنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەسەرلەرگە، بولۇپمۇ تەرجىمە ئەسەرلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، كىشىلىك دۇنيا قارىشى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، يىلنامىسىز تارىخ سۈپىتىدە بۇ تىلسىمات زېمىننىڭ روھىيەت تارىخىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، شۇڭا بۇ ئەدەبىي مىراسلار خۇسۇسىدىكى تەتقىقاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ماگىستىر ئاسپىرانتى

# مۇشۈكنىڭ بالا تەربىيىلىشى

ئاسلان چوڭ بوپتۇ.

بىر كۈنى ئانىسى ئۇنى چاقىرىپ:

—ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سېنى ئېمىتمەيمەن، ئۆزۈڭ ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيسەن،—دەپتۇ.

—ئانا، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىن نېمە يەيمەن؟—دەپ سوراپتۇ ئاسلان.

—نېمە يەيدىغانلىقىڭنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇسۇل بويىچە بىر نېمە تېپىپ يەرسەن. كېچىلىرى كىشىلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، قىلىشقان سۆزلىرىنى ياخشى ئاڭلىۋال، ئۇلار ئۆزلىكىدىن ساڭا يول كۆرسىتىدۇ،—دەپتۇ ئاسلاننىڭ ئانىسى.

تۇنجى كۈنى ئاخشىمى، لىمنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىر كىشىنىڭ بالىسىغا:—قوزام، بېلىق بىلەن سۈتنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويدۇم، ئاسلان بۇلارنى يېيىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ،—دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى، لوڭقىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىر ئايالنىڭ ئېرىگە:—كولباسا بىلەن گۆشنى لىمغا ئېسىپ، چۆجىنى سولاپ قويۇڭ، ئاسلان يەپ كەتمىسۇن،—دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى، ئاسلان تورۇسقا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىر ئايالنىڭ ئوغلىغا:—ئېرىس، بېلىقنى ياخشى كۆرۈپ يېگىنىڭ بىلەن، ئېشىپ قالغىنىنى يېغىشتۇرۇۋەتمىسەڭ، ئاسلاننىڭ بۇرنى بەك ئۆتكۈر كېلىدۇ، ئەتىگىچە ساڭا قالمايدۇ،- دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.

ئاسلاننىڭ كۈنى ئەنە شۇنداق خۇشال ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئانىسىغا:

«ئانا، دېگىنىڭىز راستىكەن، كىشىلەر كۈندە ماڭا نېمە يېيىشىم كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قويىدىكەن،—دەپتۇ.

كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ، ياشاش ماھارىتى يېتىلدۈرگەن ئاسلان ئاخىرى بىر بەستلىك مۈشۈككە ئايلىنىپ، بالىلىقمۇ بوپتۇ ھەم بالىسىنىمۇ:

— كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالساڭ، ساڭا قانداق ياشاشنى تەبىئىيلا ئۆگىتىپ قويىدۇ،—دەپ تەربىيىلەپتۇ.

«قاراماي گېزىتى ئىدارىسى»دىن مۇھەممەتجان سۇلايمان تەرجىمىسى

MIRAS

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ۋاقتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى

غالىب مۇھەممەت قارلۇق

ۋاقىت ئۇقۇمى ماھىيەتتە ئۆمۈرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى دېگەن گەپ بىر سائەت ئۆمرىمىز قىسقىردى دېگەن سۆز. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «ۋاقىت ئاتقان ئوق»، «ۋاقتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى»، «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت»، «ۋاقتىڭنى چىڭ تۇتقىنىڭ ـ بەختىڭنى چىڭ تۇتقىنىڭ»... دېگەندەك ھاياتلىق ھېكمەتلىرىنى قالدۇرغان. بۇ يەنىلا ئەڭ ئاۋۋال مىللەتنىڭ سەرخىللىرى بولمىش زىيالىيلىرىمىزدىن باشلانماقتا. ئەمما، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن يىراقتا تۇرغان، نوپۇسىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ھاتەم سۈپەت دېھقانلىرىمىز ئۆز ۋاقتىنى بۇرۇنقىدەكلا كۈنىنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىلەن ئۆلچەشتىن قول ئۈزەلمىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا بىزنىڭ ھازىر «بىلىم ئىگەلىكى» دەۋرىگە كىردۇق دېگىنىمىز، ھەقىقىي «كىرىش»كە باراۋەر ئەمەس. بىز بۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىز ئادەتتە شەھەرلەردىكى تۇرمۇش رىتىمىنى يېزا ـ قىشلاقلارغا سېلىشتۇرغاندا تېز دەيمىز. بۇمۇ مەلۇم مەنىدىن شەھەرلەردىكى ۋاقىت جىددىيچىلەكىگە قارىتىلغان. شۇغىنىسى شەھەردە ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭمۇ ۋاقىت قارىشى تازا يېتەرلىك ئەمەس. مىسالى، سائەت بەشكە دەپ چاقىرىلغان بەزمە ـ باراۋەتلەرگە ئۆزىمىزگە خاس «غۇرۇرىمىز» بىلەن ئارزۇلۇق مېھمانلىقىمىزنى پەش قىلىپ، سائەت يەتتە ـ سەككىز، ھەتتا توققۇزلار ئەتراپىدا بېرىشىمىزنى، شۇنداقلا سورۇنلاردىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقلىرىمىزنى دېمەيلا تۇرايلى، خىزمەت ئورۇنلىرىمىزدىمۇ كۆپىنچىلىرىمىز خىزمەتكە خىيانەت قىلىپ ئىمكانقەدەر كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئېپىدە يۈرۈشىمىز ۋاقىت، يەنى ئۆمرىمىزگە قىلغان زور ئىسراپچىلىق! بىزگە مەلۇم، بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇت بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويۇشى مۇمكىن. كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقە پۈتكۈل مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەپ سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. كىمدۇر بىرى ئوبرازلىق قىلىپ: «ۋاقىت دېمەك ـــ تەرەققىيات دېمەكتۇر. دۇنياۋى رىقابەت ئەمەلىيەتتە ۋاقىت رىقابىتى» دېگەنىكەن. ھۆرۈنلار، غاپىللار ئۈچۈن ئاي، يىللارنىڭ ئازچىكىم ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنسىمۇ، بىراق، ئىشچان، ئويغاقلار ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ ئاجايىپ قىممەتلىكتۇر.

بىر قېتىم ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مائارىپشۇناسى بەن جيېمىڭ بىر ياشنىڭ ياردەم سوراپ بەرگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلدۇ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا تەشنا بولۇپ تۇرغان ئۇ ياش بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىنى بېكىتىپ قويىدۇ. دېگەندەك كۆرۈشۈش ۋاقتىنىڭ توشۇشى بىلەن ئۇ ياش دەل ۋاقتىدا

بېرىپ بەن جىيمىڭنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۇ ياشنىڭ ئويلىغىنىدىن باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ، بەن جىيمىڭنىڭ ئۆيى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، نەرسە ـ كېرەكلەر چېچىلىپ ياتاتتى. بەن جىيمىڭ ئۇ ياشنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا:

—ئۆيىنىڭ ئىچى بەك رەتسىز، قالايمىقانلىقىغا قاراڭ، كەچۈرۈڭ، سىرتتا بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرۇپ، مەن ئۆيىنى بېسىقتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىرسىڭىز بوپتىكەن،—دېگەچ ئىشىكنى يېپىۋالدۇ. ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بەن جىيمىڭ ئىشىكنى ئېچىپ، قىزغىنلىق بىلەن ھېلىقى ياشنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ياشنىڭ كۆز ئالدىدا باشقا بىر مەنزىرە ئايان بوپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك رەتلىك بولۇپ، بايامقى ھالەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىكەن. ھېلىقى ياش كىشىلىك ھايات ۋە كەسپىكە دائىر ئويلىغان گۇمانىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئەمدى ئېغىز ئاچاي، دەپ تۇرۇۋىشىغىلا، بەن جىيمىڭ ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن:

—ئەمدى سىز كەتسىڭىز بولىدۇ،—دەپتۇ. ياش سەل تېڭىرقاپ:

—لېكىن، مەن... مەن، تېخى سىزدىن بىرەر نەرسىنى سورىمىغان تۇرسام،—دەپتۇ.

—بۇلار... تېخى يېتەرلىك بولمىدىمۇ؟—بەن جىيمىڭ كۈلۈمسىرەپ ئۆيىنى ئىشارەت قىلىپ ئېيتىپتۇ،—مانا سىزنىڭ ئۆيۈمگە كىرگىنىڭىزگىمۇ بىر مىنۇت بولدى.

—بىر مىنۇت، بىر مىنۇت،—... ياش ئويلىنىپ قېلىپ،—ھە، مەن ئاخىر ئۇقتۇم. سىز ماڭا بىر مىنۇت ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، نۇرغۇن قائىدىلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بەردىڭىز،—دەپتۇ ۋە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتقىنىچە يولىغا راۋان بوپتۇ.

بۇ بىر «ھېكايە»، ئەمما، ئۇنىڭدىن ۋاقىت ھەققىدىكى ئاددىي، ئەمما سەممىي، چوڭقۇر «بىلدۈرگۈ» چاقناپ تۇرىدۇ. دېمىسىمۇ مۇشۇ چاغقىچە بولغان مۇساپىمىزدە قانچىلىغان «بىر مىنۇت»لارنى بىھۇدە قۇربان قىلىۋەتكەندىمىز؟ ئەپسۇس، شۇ «ۋاقىتلار»نى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولسىچۇ كاشكى! ئېنىقكى، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى زامان نۇقتىسىدىن بەكمۇ قىسقا ھەم چەكلىك. يەنە شۇنداقتىمۇ شۇ ۋاقتىمىزنىڭ «يېرىمى دېگۈدەك ئۇخلاشقا كېتىدۇ. غىزالانغان ۋاقىتنى قوشقاندىمۇ بىر قانچە يىلغا توغرا كېلىدۇ. كىيىم كىيىش ۋاقتى... قاتارلىقلار بىر قانچە يىل بولىدۇ. يەنە مەيلى باشقىلار ئۈچۈن ياكى ئۆزى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كۆڭۈل ئېچىش ۋاقتىمۇ يەنە بىر قانچە يىل بولىدۇ. دىنىي بايرام ۋە ئىجتىمائىي بايراملارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ۋاقىت كېتىدۇ. يىراق ـ يېقىن تۇغقانلىرىمىز ئاغرىپ قالغاندا ئۇلارغا دورا قايىنتىپ بېرىپ غەمخورلۇق قىلىشقىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر بىز ياش سانىمىزدىن ئاشۇ ۋاقىتلارنى چىقىرىۋەتسەك شۇنى بايقايمىزكى، بىزنىڭ خىزمەتكە ئۈنۈملۈك سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز 15 يىل ياكى 20 يىلدەكلا بولىدۇ». مەن يەنە قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن بىر ئادەمنىڭ يۈز يۇيۇش، چىش چوتكىلاشقىلا ئايرىم ـ ئايرىم قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىدىغانلىقىدەك ئىنچىكە ئۇچۇرنىمۇ كۆرگەندىم (تەپسىلاتى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ). بەلكىم، سىز بۇ «مەلۇمات»تىن يا ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن، يا گۇمانلىنىشىڭىز مۇمكىن. مەنغۇ دەسلەپتە بۇ «ئۇچۇر»نى كۆرۈپلا قاتتىق «سىلكىندىم»، ۋاقتىم ھەققىدە ئازابلىق خىياللارغا پېتىپ كەتتىم. ئىلگىرى مەندە راستىنى دېسەم ۋاقىت توغرۇلۇق بۇنچىلىك تۇيغۇ بولۇپ باقماپتىكەن. بىز مەرھۇم ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنى شانلىق «ئىش ئىزلىرى»بىلەن چوڭقۇر ياد ئېتىپ كېلىۋاتىمىز. ئۇ ئاران 22 يىللا ياشىيالىغان بولسىمۇ شۇ ئەڭ ـ ئەڭ قىسقىغىنا ۋاقىتتا (ئەگەر بىز ئاشۇ «22 يىل»دىن ل. مۇتەللىپنىڭ ئەڭ ئەقەللىي «چوڭ بولۇش» قىچە بولغان ۋاقتىنى چىقىرىۋەتسەكمۇ بۇنى ھېس قىلالايمىز)، 70 ـ 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ھېچبىر ئىشنى تەۋرىتەلمەي ئۆتكەنلەردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق قىممەت ياراتتى. گاھىدا تۇرۇپلا شۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپقۇ ئارانلا شۇ 22 يىللىق ھاياتىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالاپتىكەن. ئەمما مەن 22 ياشقا كىرگەن چېغىمدا نېمە قىلالىغان بولغىيتتىم!؟ ئاشۇ يىراق سەھرادىكى دېھقان ئاتا ـ ئانامنىڭ مىڭبىر جاپادا تاپقان ـ تەرگەن روزىغارىنى «خەجلەپ» ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىغانلىقىمدىن ئارمانلىرىم چېچەك ئېچىپ «شۇكۇر ـ قانائەت»تە كىتابقا باغلىنىپ ياشاۋاتقان «نامسىز» بىر ستۇدېنت ئىدىم. مانا 30 غا كىرەي دەپمۇ «ھېچقانداق» بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي يۈرىمەن...

ئۇنداقتا بۇ يەردىكى مەسىلە قەيەردە؟!

بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ھەقىقىي ئىشلەشكە، قىممەت يارىتىشقا تېگىشلىك ۋاقتى ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئەگەر بىز ۋاقتىمىزنىڭ سەرپ قىلىنىشى ھەققىدىكى يۇقىرىقى «مەلۇمات ـ ئۇچۇر»نى «بۇلار بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى زۆرۈرىي ۋاقىت سەرپىياتلىرىغۇ» دېسەك، ئۇنداقتا چوڭ ـ كىچىك «سورۇن»لاردا قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشىمىزنى قانداق چۈشەندۇرىمىز؟ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» دېگەن كىتابىدا شۇنداق دەپ يازىدۇ: «ۋاقىت ھەر بىر ئادەمنىڭ خالىغانچە ئىشلىتىدىغان ھېسابى، سورىقى يوق شەخسىي مۈلكى ئەمەس». بىر ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەنىكەن: «بەندە

www.uyghurkitap.com



قىيامەت كۈنى ئۆمرىنى (ۋاقتىنى) قايسى ئىشلارغا سەرپ قىلغىنى، ئىلمىنى نېمىگە ئىشلەتكىنى، مال ـ مۈلكىنى قايسى يول بىلەن تاپقانلىقى ۋە نېمىلەرگە سەرپ قىلغىنى، ئەجلى يەتكۈچە قانداق ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت نەرسە ئۈستىدە سورىلىدۇ.» دېمەك، بىز ۋاقىت ئىسراپچىلىقىمىزنىڭ «جازاسى»نى تارتماي قالمايمىز.

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم خاۋكىڭ «ۋاقىتنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا «ۋاقىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ بىر ئەگۈشتەر» دەپ يازىدۇ. بۇ گەپنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. يېقىندا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئالىملىرىمىزدىن زەپەر ئابلىز، تاشپولات تېيىپ، ھۇشۇر ئىسلام قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن «تونۇشتۇرۇلدى». مەن ئۇلارنىڭ «ئۆسۈپ ـ يېتىلىش» جەريانلىرىدىن «ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش كېرەك» دېگەن «سادا»نى ئاڭلىدىم. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆز ۋاقتىنىڭ «قۇلى» ئەمەس «خوجايىنى»غا ئايلىنالىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدە «ۋاقىت ـ مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن ھېكمەت ئىسپاتلىنىپ تۇراتتى. مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار. ئىدارىگە يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا خەنزۇ تىلى ئاساسى بەكلا تۆۋەن ئىدى. ئىنگلىز تىلى ئاساسىغۇ پەقەتلا يوق. ئۇنىڭ بىلەن خىزمەتداش بولغىنىمغا ئۈچ يىلدىن سەللا ئاشقان بۈگۈنكى كۈندە مانا ئۇ ھازىر ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىمەن، دەپ يۈرىدۇ. يېقىندا ئۇ ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئىمتىھانىغا قاتنىششقا تىزىملاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ماڭا ۋە باشقىلارغا ئوخشاشلا تۇرمۇش ۋە خىزمەتنىڭ «ئۆتكەللىرى»دىن ئەل قاتارى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزىدىكى بۇ خىل ئىلگىرىلەشلەرنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدىم، ئۇ:

—كۈنىگە ئاز دېگەندە بەشتىن خەنزۇچە خەت، تۆتتىن ئىنگلىزچە سۆزلۈك ئۆگىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانمەن، مۇشۇنداق ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ بەرسە، ۋاقىت ئادەمگە نۇرغۇن «نەرسە»نى ھەدىيە قىلىدىكەن—دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە «ئۇسۇلى»غا تولىمۇ قايىل ھەم مايىل بولدۇم. يەنە بىر خىزمەتدىشىم قاچاندۇر بىر چاغدا ماڭا بۇنداق گەپنى قىلغانىدى: «ھېلىمۇ بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتىلى بار ئىكەن. خىزمەتكە ۋاقتىدا كېلىمەن، دەپ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن شېرىن ئۇيقۇلىرىمدىن ۋاز كەچتىم. ئەمدى تەتىل كەلسە، قانغۇدەك ئۇخلاپ، 8 ـ 9 لاردا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ‹ئاچچىقى›نى چىقارمىسام، ھەي، تەتىل كەلسە نېمىدېگەن ياخشى، سەھەر ئورنۇڭدىن تۇرمايدىغان گەپ...». شۇ چاغدا مەن بۇ گەپكە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەنكەنمەن، ھازىر ئويلىسام ئىچىم تولىمۇ ئاچچىق بولىدۇ. بەلكىم بۇ دوستىمىز بۇ زاماننىڭ «غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھالەت ۋە نادانلىق زامانى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرى: سۇسلۇق ۋە بىكار تەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى» (ئابدۇقادىر داموللام: «نەسىھەتى ئاممە»دىن) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسا كېرەك. بىر ئېغىزلا گەپ: «ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ دوستى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر» (ئابدۇقادىر داموللام). ئالدىنقى خىزمەتدىشىم ئادەمگە «ئىلھام» ئاتا قىلسا، كېيىنكى خىزمەتدىشىم ئەپسۇسلۇق ئاتا قىلاتتى. جەمئىيىتىمىز ھازىرمۇ مانا مۇشۇنداق ۋاقىت ھەققىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلارغا تولۇپ يېتىپتۇ. زادى بىزدە ۋاقىت ئېڭى توغرۇلۇق «ئويغانغانلار» قانچىلىك، «ئۇخلاۋاتقانلار» قانچىلىك؟ ھەقىقەت شۇ: «ۋاقىت ـ بايلىق دېمەكتۇر»، بۇنى ھەر بىرىمىز چۈشىنىپ يېتەلىگەن بولساقچۇ كاشكى!

شۇنداق، «ۋاقتىمىز كەتتى—بەختىمىز كەتتى». تەرەققىي مۇقەررەرلىك، قانداق تەرەققىي قىلىش چىقىش يولىمىز. تۈزۈكرەك ۋاقىت قارىشى يوق خەلق راستىنلا ئىستىقبالىنى يىتتۈرۈپ قويغان خەلقتۇر. ئويغىنىش كېرەك. ئەڭ ئاخىرقى ئويغىنىشمۇ كېچىككەن ھېسابلانمايدۇ. دوكتور ئەسەت سۇلايمان «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق كىتابىدا «ۋاقىت ئۇقۇمى ۋە زامان چۈشەنچىسىگە بولغان كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ مۇھىم بەلگىسى» دەپ يازىدۇ ③ . شۇڭا بىزدىمۇ تەرەققىيات رىتىمىگە ماس مىللەت خاراكتېرلىك ۋاقىت ئېڭى جىددىي تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. چۈنكى، ۋاقىت ـ مەۋجۇدلۇق دېمەكتۇر. ئاخىرىدا مەن ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنۇ «ئۆگۈتى» بىلەن ماقالەمنى ئاياغلاشتۇرماقچىمەن: «مەيلى بېشىڭ كۆككە يەتسۇن، مەيلى بۇيۇك ئاتالغىن، كىرىپ ياتىدىغان ئورنۇڭ قارا يەر قويىندۇر. ھاياتلىقتا ئېرىشكەن كىشى ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزسە، ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان بولىدۇ، ئۇ ھايۋاندىن پەرقسىزدۇر. كىشى ئېسەنلىككە ئېرىشكەندىمۇ ئۆمرىنى زايە قىلسا، بۇ كۆركەمسىز، مەنىسىز ياشىغانلىقتۇر، ئەي قېرىنداش».

ئىزاھلار:


① «جۇڭگو مىللەتلىرى » ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 5 ـ سان، «ۋاقىتنىڭ قىممىتى» ناملىق ماقالە.

② «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى 37 ـ بەت.

③ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 3 ـ ئاي، 112 ـ بەت.



# ئۈرا رېتسېپلىرى

هاپىز نىياز

### سەۋزىنىڭ خاسىيىتى

ھەركىم سەۋزىنى پىشۇرۇپ ئەتىگەندە يېسە مېڭىنىڭ ساغلاملىقىنى زىيادە قىلۇر، دەمنى راۋان قىلۇر، ئۆپكىنى ساكىن قىلۇر، تەرەتنى راۋان قىلۇر، بەلغەم مىزاجىنى تۈزەر، كۆڭۈلنى ئاچۇر، مەيدىدىكى بۇزۇق خىلتلارنى يوق قىلۇر، شەھۋەت كۈچىنى ئاشۇرۇر، ھۆكۈمالار نەزەرىدە تائاملار بىلەن يېسە تۈرلۈك ئاغرىقلار ساقىيۇر دەپ تەسۋىرلىنۇر.

### ھەلىلىنىڭ خاسىيىتى

ھەلىلىنىڭ تەبىئىتى سوغۇقتۇر. ھەلىلىنىڭ قاسىرىقى دورىدۇر. ئۇرۇقىنى دورىغا قاتمايدۇ. زەھىرى باردۇر. ئەگەر كىشى ئىككى مىسقال ھەلىلىنى قاينىتىپ ئىچسە ھەرگىز سەۋدا ئاغرىقى بولماس. يۈرەكلەرنى ئاچۇر، بەلغەمنى كېسەر، ئىچنى راۋان قىلۇر. يۈزى نۇرلۇق، بەدەنلىرى كۈچلۈك بولۇر، ئەقلنى سۈزۈك، كۆڭۈلنى پاك قىلۇر. ساچلارنى قارايتۇر، ھەرقانداق مەجۇنگە ۋە باشقا تۈرلۈك دورا ۋە شەربەتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ دورا قىلسا دورىلارنىڭ كۈچىنى ناھايىتى ئاشۇرۇر.

### تەمرى ھىندىنىڭ خاسىيىتى

رەڭگى ئوخشاش ئەمما تەمرى ھىندى ناھايىتى سوغۇقتۇر. ئىسسىق ئۆتكەن كىشىگە شەربەت قىلىپ بەرسە دەرھال تۈزىلۇر. ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقىغا چىلان شەربىتىنى ئىچۇرسە قىزىقنى قايتۇرۇر. تەپ ئىللەت دەپ قان ۋە بەلغەم ناھايىتى ھەددىدىن ئاشقانىنى ئېيتۇر. بەش مىسقال تەمرى ھىندىنى قايناق سۇغا چىلاپ تەمنى ئوبدان چىقىرىپ مۇزدەك قىلىپ ئىچسە بەلغەم، قانلارنى، بەدەندىكى ئىس-

www.uyghurkitap.com



سىق يەللەرنى، يۈرەكنىڭ ئىسسىقىنى كېسەر، باش ئاغرىقىنى پەسەيتۇر. قىزىل مۇدۇرچاق چىققان ئۇللەتلەرگە تولا پايدىلىقتۇر. يۆتەلگەن كىشىلەر تەمرى ھىندىنى چىلاپ ئىچسە يۆتەلنى توختىتىپ دەمنى راۋان قىلۇر.

## فىلوسنىڭ خاسىيىتى

فىلوسنىڭ مىزاجى ئىسسىقتۇر. سەپرا، سەۋدا ئىللەتلىرىگە پايدا قىلۇر. بەش مىسقال فىلوسنى قايىنىتىپ مۆتىدىل قىلىپ ئىچسە ئۆتتىكى سەپرانى باسۇر، بېغىرنى راھەت قىلۇر، تالنى كىچىكلىتىپ سوغۇق يەللەرنى يوق قىلۇر. ئىچنى راۋان قىلۇر، بەدەننى يەڭگىل قىلۇر. سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىنى ساقايتۇر. فىلوسنى چاھار شەربەتتە تولا ئېتىبار قىلىپتۇر.

## قىزىلگۈلنىڭ خاسىيىتى

ھەر كىم بىر مىسقال قىزىلگۈلنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە قايناق سۇغا چىلاپ سەھەردە ئىچسە ئۆپكىدىكى كىرلەرنى ئېرىتۇر، يۆتەلنى توختىتۇر. دەمنى راۋان قىلۇر. كۆكسىنى ئوچۇق، خۇش ئاۋاز قىلۇر. بىراق ھۆكۈمالار قىزىلگۈلنىڭ مىزاجىنى مۆتىدىل ئاتاپتۇ. ھەرقانداق كىشى قىزىلگۈلنى پۇرىسا ۋە ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە دۇرۇد ئېيتسا ئۇ كىشى ھەرگىز بەتبۇي پۇرىماس، كىشىلەر ئالدىدا ئەزىز ۋە ئېتىبارلىق بولۇر. لېكىن قىزىلگۈلنى پۇراپ دۇرۇدتىن غاپىل بولسا ئول كىشى گۇناھكار بولۇر، بەتبۇي پۇرايدىغان ئىللەتكە گىرىپتار بولۇر دەپتۇر.

ئەگەر كىشى بىر مىسقال قىزىلگۈل، بىر مىسقال رەۋەننى چىلاپ ئىچسە قورساقتىكى كونا بۇزۇق كىرلەرنى پاك قىلۇر.

## رەۋەننىڭ خاسىيىتى

رەۋەننىڭ تەبىئىتى ناھايىتى سوغۇقتۇر. ھۆكۈمالار رەۋەننى سۈرگە دورىسى قاتارىدا ئىشلىتىپتۇ. رەۋەن قورساقتىكى كىرلەرنى ھەيدەيدۇ. ھەر كىم ئۈچ مىسقال رەۋەننى قايىنىتىپ ئىچسە قاندىن تۇتۇلغان خىلىتلارنى ھەيدەيدۇ. بەلغەم، سەۋدالارنى پەست قىلۇر. پالەچ، بوغۇم ئاغرىقى ۋە زاتتىن ئىششىغان كېسەللەرگە يانجىپ بەرسە ئىششىقنى ياندۇرۇپ ئاغرىقنى پەسەيتۇر.

## مامىراننىڭ خاسىيىتى

مامىران ئاق چېچەك بولغاچقا تەبىئىتى ناھايىتى سوغۇقتۇر. ئادەمنىڭ بەدىنىنى ئىسسىق چىرمىغان بولسا مامىراننىڭ كۆكىنى يېقىپ، ئوتىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ھورلانسا مۇپاسىلدىن بولغان يەللەرنى يوق قىلۇر. ئىسسىق كىرگەن ھايۋاننىڭ بۇرنىغا تۇتسا ئىسسىقنى قايتۇرۇر. ھۆكۈمالار مامىراننى تولا ئىسسىق بەلغەملەرگە يېقىپ پەست قىپتۇ. ئىسسىقتىن چىشى ئاغرىغان كىشى مامىراننىڭ يىلتىزىنى قايىنىتىپ ئاغزىغا سالسا ياخشى بولۇر. كۆزى ئاغرىغان كىشى كۆزىگە سۈرسە كۆزىنى روشەن قىلۇر. ئىسسىقتىن يۈرىكى سالغان كىشى دېمى كالتىلىق قىلسا ئىككى سەر مامىرانغا ئۈچ سەر ئاق شېكەر سېلىپ قايىنىتىپ يەتتە كۈن سەھەردە ئىچسە يۈرەكنى جايىغا چۈشۈرۈپ دەمنى راۋان قىلۇر، كۆكسىنى ئاچۇر، پىشابىنى راۋان قىلۇر، ئىششىقلارنى ياندۇرۇر. ئەمما مامىراننىڭ كۆكىنى ھايۋاناتلار جىق يەپ سالسا خەتەرلىكتۇر. ئادەممۇ ئارتۇق يەپ سالسا ئەقلىنى بۇزىدۇ.

## سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ خاسىيىتى

سېمىز ئوت ئۇرۇقى مۆتىدىلدۇر. ھۆكۈمالار سوغۇققا مايىل دەپمۇ ئاتاپتۇ. ھۆكۈمالار ئۇنى بەل، بۆرەك ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەگەر سېمىز ئوتنىڭ كۆكىنى سىقىپ سۈيىنى ئىچسە يۈرەكنى سوۋۇتۇر. قورساقتىكى ئىسسىقتىن توختاپ كەتكەن كىرلەرنى تازىلار. ئىسسىقتىن يۈرەك سالغانغا پايدا قىلۇر. بەش مىسقال سېمىز ئوت ئۇرۇقىنى سوقۇپ قايناق سۇغا چىلاپ تەمنى چىقىرىپ يەتتە كۈن سەھەردە ئىچىپ بەرسە ئىسسىقتىن يۈرەك سېلىشقا ناھايىتى پايدىلىقتۇر، ئۆپكە، بېغىرلارغىمۇ ناھايىتى پايدا قىلۇر.

## توغراق يىلىمىنىڭ خاسىيىتى

مىزاجى ئىككى خىل بولۇپ قالغان كىشى دورا يېسە ياكى سۈرگە ئىچسە مەيدىسىدىن يېنىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن توغراق يىلىمىغا قارا چاي، سېرىق ياغ بۇ ئۈچىنى بىرلەشتۇرۇپ يەتتە كۈن ئىچسە قورساق ، مەيدىلەرنى تازىلايدۇ. دورىلارنىڭ زەھىرىنى كېسىدۇ. ئىشتىھانى ئېچىپ قۇۋۋەتنى زىيادە قىلۇر. ئەگەر كىشى تۆگىنىڭ تېزىكىنى پۇت-قولى سوغۇلۇپ قالغان كىشىگە ياكى تولا تەرلەپ ماغدۇرسىز بولغانغا سىقىپ سۈيىنى ئىچۈرسە ياكى بىلىنىڭ تۆۋىنىگە ياقسا تەرى توختاپ سوغالغان ئەزالىرى تازا بولۇر، قۇۋۋەت تاپقاي. سېرىق ئاغرىق بولغان كىشى تۆگىنىڭ ئۆپكىسىنى ياقسا سېرىق ئاغرىقتىن قۇتۇلۇپ،

2006.2

يۈزى نۇرلۇق بولغاي.

مەزلۇم كىشىنىڭ خۇنى توختاپ قالغان بولسا ئىنەك ئۆتى، بېلىق ئۆتى ۋە خۇرما ئۇچىنى بىر قىلىپ ئېزىپ، قارا يۇڭغا ئوراپ مەزلۇم كىشىنىڭ ئەندامىغا تىقىپ قويسا ھەيز ئېچىلىپ پەرزەنتلىك بولغاي.

بۆرىنىڭ چىشىنى كىچىك بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسا بالا دىۋانە، دەلدۈش بولماس.

تۆگىنىڭ يۈرىكىنى يېسە يۈرەكلىك، قورقماس بولۇر. تۆگىنىڭ يۇڭىنى پوتا قىلىپ بېلىگە باغلىسىمۇ يۈرەكلىك بولۇر، بەل ئاغرىقى كۆرمەس.

ھۆكۇمالار زىمىستاندا سوغۇق سۇ ئىچسە ئانار شەربىتى ئىچكەن بىلەن تەڭ دەپتۇ.

### ئانارنىڭ خاسىيىتى

ئانار شەربىتى ئىچسە يۈرەككە راھەت بېرۇر، پايدىسى تولىدۇر، ھەرگىز سەۋدا ئاغرىقى بولماس. ئانارنىڭ خاسىيەتلىرى تولىدۇر. ھۆكۇمالار ئانارنىڭ تەبىئىتىنى سوغۇق ئاتاپتۇر. يۈرەك ئانارىدىن سۇ ئىچۈر. دائىم ئانار سۈيى ئىچكەن كىشىنىڭ كۆڭلى ئوچۇق بولۇر. نەپەس ئېلىشى راۋان بولۇر. ئانار يەپ تۇرماقنىڭ خاسىيىتى تولىدۇر. بىلمەك كېرەككى، ئانارنىڭ سۈيى ۋە ئۇرۇقىنى يەپ ـ ئىچىش باردۇر، پوستىنى يېمەك يوق.

### ئەرمەننىڭ خاسىيىتى

ھۆكۇمالار ئەرمەننىڭ خاسىيىتىنى مۆتىدىل ئاتاپتۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارغا دورا قىلماق لايىقتۇر. ئەگەر كىشىنىڭ پۇت ـ قولىغا شامال دارىغان بولسا ياكى بوغۇم ئاغرىقىدىن پالەچ بولغان بولسا ئەرمەننىڭ كۆكىنى كاڭغا يېيىپ، ئوت قالاپ ئوبدان قىزىغاندا ئادەمنىڭ ئاستى ئۈستى بەدەنلىرىگە ياقسا ھەمدە ئەرمەن كۆكىنى قاينىتىپ ئىچىدىن ئىچىپ تەرلەنسە پالەچ ئاغرىقى ساقىيۇر. ئەرمەننى تولا نىشارا بولىدىغان كىشىگە قاينىتىپ بەرسە ياخشى بولۇر.

### سوغۇق ئاغرىقنىڭ ئىلاجى

سوغۇق ئاغرىق بولغان كىشىنىڭ ئالامىتى شۇكى ئۇ كىشىنىڭ زەكرىدىن ئابى مەنى كېلۇر. ئابى مەنىنىڭ سېرىق كەلگىنى مۆتىدىلدۇر. قىزىل كەلگىنى ئىسسىقنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ ھەر قايسىسىغا ئۆز لايىقىدا دورا قىلماق كېرەك، تولىسى ھامىلدار ئاياللارغا يا-ۋۇقلۇق قىلسا ئامان تاپۇر. يەنە قارغىنى يېرىپ ياقسا ياخشى بولۇر. ئېشەك ئىلىكىنى يېرىپ چاپلىسا ياخشى بولۇر. پايدىسى بەك تولىدۇر. ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن قارنى يېرىق، قاراموچلارنى يۇمشاق سوقۇپ تاپىنىغا سىلىپ يۈرسە ھەرگىز سوغۇق ئاغرىق كۆرمەس. زەكىرى ئىششىپ ئاغرىسا ئەركەك قوينىڭ تېرىسىگە تارتىپ ئىننى قۇيسا ھەم تەرلىسە ساقىيۇر، پايدىسى بەك كۆپ. ھۆكۇمالار نەزەرىدە كۆڭلى قاتتىق، تېنى سېمىز كىشىلەر سوغۇق ئاغرىققا گىرىپتار بولماس، كۆڭلى يۇمشاق كىشى بۇ خىل كېسەللەرگە ئاسان گىرىپتار بولۇر، ئاغرىقنى تولا تارتىپ رىيازەت چەكسە گۇناھتىن پاك بولۇر.

### دىڭزىنىڭ خاسىيىتى

نارەنجى دىڭزىنىڭ ئوبدىنىدىن بولسا ئىككى پۇڭ، پالاكتى بولسا بەش پۇڭنى ئېزىپ ئىچىپ كۆپ تەرلىسە ئىششىق كېسەلدىن قۇتۇلۇر.

### سەپىدانىنىڭ خاسىيىتى

ھۆكۇمالار سەپىدانىنى مۆتىدىل دەپتۇ، ھەر كىم يەتتە كۈندە بىر مىسقال سەپىدان يېسە قاراڭغۇ كۆڭۈللەرنى ئېچىپ يورۇق بولغاي. ئۇنۇتقاق بولماق، غەپلەتتە قالماقتىن يىراق بولۇپ ئاقىل، دانا بولۇر. سەپىدانىنىڭ شۇنداق خاسىيەتلىكىدىن ھۆكۇمالار بىر مىسقالدىن بىر سەرگىچە يېگەي دەپتۇ. سەپىدان ئۇرۇقى، زەردەك ئۇرۇقى، ياش ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى ۋە كۈنجۈتلەرنى مەجۇنات دورىلارغا قوشۇپ يېسە ئەر ياكى ئايال بولسۇن بەدەندىكى چوڭ ـ كىچىك بارلىق يەل ئىللەتلەرگە ناھايىتى پايدا قىلۇر.

### ئاراجوبا يەنى سۆكمىلىنىڭ خاسىيىتى

مەزلۇم كىشىدە بەل، بۆرەك ئاغرىقى پەيدا بولسا ھەم يەل سانچىپ ئاغرىسا ياكى پالەچ، بوغۇم ئاغرىقى، تۇتقاماس، كۆرمەس بولغان ياكى بەل، بۆرەك ئاغرىقىدىن تولا ئىششىغان بولسا بۇ سۆكمىلنى تەرتىپ بىلەن ياساپ يېسە ئىنشائاللا شىپالىق تاپۇر. بۇ سۆكمىلىنىڭ تەركىبى بۇدۇر: يەجىربىن، جىنلىنزا، خولىنزا، جىلى، فاڭخەي، سەيجىنزا، خېيجىنسا، بېنمۇچۇڭ، چاچكا، بىبولارنىڭ ھەممىسىدىن بەش مىسقالدىن ئېلىپ، ئاغرىقنىڭ مىزاجىغا بېقىپ، ھەر ئاغرىققا لايىق كېلىدىغان يەنە بىرمۇنچە خاسىيەتلىك دو-

www.uyghurkitap.com



رىلاردىن جەملەپ ئوبدان يانجىپ ئەلگەپ، كېسەلنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىگە بېقىپ ئۈچ پۇڭدىن بەش پۇڭغىچە يېسە ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ياشلىق باھارىغا قايتۇرۇر. تەندە پەيدا بولغان تۈرلۈك ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر.

## گۈلقەنتنىڭ خاسىيىتى

گۈلقەنت ياساشنىڭ ئۇسۇلى: بىر جىڭ قىزىلگۈلنى ئىلغاپ ئېلىپ تۆت جىڭ ھەسەلگە ئىلەشتۈرۈپ، قىرىق كۈن ئاپتاپتا پىشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا بىر سەر دارچىن، بىر سەر چاچكا، بىر سەر پىتپىتنى يانجىپ قوشۇپ يېگەي. تېبابەت دەستۇرلىرىدا ھەر نىچۈك يەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ دەپ يېزىپتۇ.

## ئىسھالنىڭ بايانى

كىشى سەپرادىن ئىسھال بولسا گۈرۈچنى قايىنتىپ ئۇنىڭغا زىرىخ سېلىپ يېمەك كېرەك. ھۆكۈمالار يەنە ئىسھالغا ئىنەك قېتىقىغا ئاق شېكەر سېلىپ بەرسۇن دەپتۇ.

## كىچىك بالىنىڭ مەيدە ئاغرىقىنىڭ بايانى

كىچىك بالىنىڭ مەيدىسى ۋىژ ـ ۋىژ بولۇپ قالسا توخۇ تۇخۇمنى چېقىپ ئۇنىڭغا ئادەم ساچىنى قوشۇپ چەلپەك سېلىپ ئاخشىمى بالىنىڭ مەيدىسىگە تېڭىپ قويسا ئەتىسى يوقاپ كېتەر. بالىنىڭ مەيدىسىدە تاماق تۇگۈلۈپ قالغان بولسا تۇخۇمنى پىشۇرۇپ ئاقلاپ مەيدىسىگە تېكىلەتسە ئىنشائاللا ساقىيۇر. بۇمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىشتۇر.

## قۇلاق ئاغرىقىنىڭ بايانى

ئەگەر كىشىنىڭ قۇلىقى ئاغرىسا ئۇيىنىڭ ئۆتىنى تېمىتسا ساقىيۇر، يەنە ئۇي ئۆتىگە بادام يېغى ۋە ئانار سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتسا ساغرو قۇلاق ئېچىلۇر. قۇلاققا يەل تۇرۇپ قالغان بولسا، ئۆچكە سۈدىكىنى قۇلاققا تېمىتسا ئېچىلۇر. ئەگەر كىشىگە ئەركەك سۆگەل چىقسا ماڭدالىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ سۆگەلنى قان چىققىچە تاتىلاپ ماڭدالىنىڭ سۈيىنى تېمىتسا پۈتۈنلەي يوقاپ كېتەر. چىشى سۆگەل بولسا، كالا ئۆتىنى سۈرسە يوقاپ كېتەر.

كىشىنىڭ ئىچى ئىسسىقتىن تۇتۇلسا، سۈرگىدە بىر تەرەپ بولمىسا، ھەمەل قىلماق كېرەك. سوغۇق ھەمەلنىڭ دورىلىرى: بىنەپشە ئىككى مىسقال، گۈلخەيرى ئىككى مىسقال، نىلۇپەر ئىككى مىسقال، شوخلا ئىككى مىسقال، تۆمۈر تىكەن ئىككى مىسقال، ئۆردەك قېنى ئىككى يېرىم مىسقال، زاراڭزا ئىككى يېرىم مىسقال، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاشقۇرا سۇغا چىلاپ قويۇپ يەنە بىر ئاشقۇرا سۇ قۇيۇپ يېرىمى قالغىچە قايىنتىپ، ئىككى سەر شېكەر سېلىپ، بەش مىسقال ئۇي يېغى سېلىپ ھەمەل قىلماق كېرەك.

## ھەمەل قىلماقنىڭ بايانى

ئۇي ئۆتى بىر مىسقال، پىرلاڭ بىر مىسقال، شور ئىككى مىسقال، قارا زىرە ئىككى مىسقال، جۇۋىنە ئىككى مىسقال، قارا يۆگەي ئىككى مىسقال، بۇ دورىلارنى تۆت پىيالە سۇدا قايىنتىپ ئىككى پىيالە قالغاندا ئىككى مىسقال كالا سېرىق يېغى سېلىپ ھەمەل قىلماق كېرەك.

## سۈرگىنىڭ بايانى

بەلغەمنى سۈرمەك ئۈچۈن بۇ سۈرگىنى بەرگەي. پىرلاڭ، سېرىق ئوت، ھەلىلە، رەۋەنلەر بىر مىسقالدىن ئىككى يېرىم مىسقالغىچە، ھەشقىپچەك ئۈچ مىسقال، تۇز يەتتە پۇڭ، بۇلارنى ئۈچ پىيالە سۇدا قايىنتىپ، ئىككى پىيالە قالغاندا كېچىدە ياكى سەھەردە ئىچكەي، ئادەم ئاياغدىن پەرھىز قىلغاي، ئىچىپلا ياتمىغاي، سۈرگىنى ئىچىپلا يېتىپ بىئاراملىق پەيدا بولسا، بۇ سۈرگىنىڭ زەھىرىدۇركى، ئادەمنى گۇمراھ قىلۇر. شۇ سەۋەبتىن دورىنى ئىچكەن كىشى خىلۋەت يەردە بولسا ھۆكۈمالار ئۇنىڭ داۋالىقى تولا بولۇر دەپتۇ. ئەگەر ئىسھالدىن ئىچى تۇتۇلۇپ قورسىقى ئاغرىسا تۇخۇم سېرىقى بىلەن جويۇزنى بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق يانجىپ قوينىڭ قۇيرۇق يېغى بىلەن قايىنتىپ يېسە ياخشى بولغاي، قەلەمپۇرنى قايىنتىپ يېسە تېخىمۇ ياخشى بولغاي.

كۆز ئاغرىقىغا قىزىل ئۆچكىنىڭ بېغىرىنى پىشۇرۇپ كۆزىگە سۈرسە نامازشام قارىغۇسى بولغاننى ساقايتۇر، كۆزنى روشەن قىلۇر. ئىچى تۇتۇلغان كىشى قىزىل ئۆچكىنىڭ ئۆتىنى كىندىكىگە سۈرسە ئىچى راۋان بولۇر. ھەيزى باغلانغان ئايال قىزىل ئۆچكىنىڭ قېنىنى يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە خۇن راۋان بولۇر. جاراھەتكە ياقسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئىتنىڭ تىلىنى قۇرۇتۇپ، ئۇۋۇتۇپ مەرەز-جاراھەتكە سالسا ساقايتۇر. بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك يارىلارغا سەپسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

بۇرۇندىن قان ئاقسا بويۇنغا زەنجىر، قۇلۇپ ياكى



2006.2

تۆمۈر يارماق ئاسسا قان توختايدۇ. قول-پۇتنىڭ چىچە-
ناقىدىن بوغۇپ قويسا ياكى يىللىغان قاقنى قايىنىتىپ
بەرسە توختايدۇ.

**بۇ پەسىلدە بىر نەچچە تۈرلۈك مەجۇناتلار بايان قىلىنۇر**

ئىتترىپىل كۆچەك. بۇ مەجۇن مەيدىنى سەپرادىن
پاك قىلۇر. مېڭىگە ئۆرلىگەن سېسىق بۇس، بۇخاراتنى
تۆۋەن باسۇر. قورساقتىكى يەللەرنى، مەيدە ئاغرىقىنى
پەسەيتۇر. ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ئىشتىھانى ئاچۇر. تەركى-
بى: سېرىق ھەلىلە، كابۇل ھەلىلىسى، قارا ھەلىلە ، بەلىلە،
ئاملە، مىڭتومۇرئوت(شاتەررە) ئۇنىڭ ئورۇنباسارى سانا،
ھەر بىرى بىر سەردىن، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى، قىزىلگۈل
بەش مىسقالدىن، ئىپار بەش پۇڭ، تۇربۇد بەش مىسقال،
چاچكا، شەترەنجى (ئورۇنباسارى ئۇردان يىلتىزى)، سە-
لىخە (ئورۇنباسارى غارىقۇن)، چوگولارنىڭ ھەر بە-
رىنى ئۈچ مىسقالدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا قەنت،
ئىككى ھەسسە ھەسەل قوشۇپ ئىلەشتۈرۈپ بادام يېغىدا
ياغلاپ يۇغارغاي، بىر قېتىمدا تۆت مىسقالدىن يېگەي. بۇ
مەجۇنلەرنى تەركىبىي شىپا دەپ ئاتاپتۇرلەر.

**ئىتترىپىل سەغىر**

تەركىبى: ھەلىلە، قارا ھەلىلە، بەلىلە، ئاملىلەرنىڭ
ھەر بىرى بىر سەردىن، بېدىيان، زەنجىۋىل، مەستىكە-
لەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچ مىسقالدىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى
يانجىپ كالا يېغىدا ياغلاپ، ئىككى ھەسسە ھەسەلدە يۇ-
غۇرۇپ، ھەر قېتىمدا ئۈچ مىسقالدىن يېگەي.

**مەجۇنى ئازاراقى**

تەركىبى: كۆچۈلا بىر يېرىم سەر، ئاق سەندەل، ئامە-
لە، خۇسيەلسۇئىلەپ، ھەلىلىلەر بەش مىسقالدىن، بىكو
سارىن، بوزباغى ئالتە مىسقالدىن، ئەرمەدۇن ، قەلەمپۇر،
كەترا، جويۇز، دارچىنلار ئۈچ مىسقالدىن، لىسانۇل ئەسا-
پۇر ئۈچ مىسقال، گاۋزىبان ئىككى مىسقال، ئۇستىقۇد-
دۇس ئىككى مىسقال، يېرىم جىڭ ھەسەل، تۆت سەر ئاق
شېكەر بىلەن ياسايدۇ.

**بوغۇز ئاغرىقى**

يەنە بۇ دورىلارنى تالقان ۋاقتىدا ھەرقانداق بوغۇز
ئاغرىقىغا پۈركىسە ساقىيۇر. موزا، ئاقىرقەرھا، ئىگىر، ئانار
پوستى، شۇلتا، ئاق سۇمۇقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ،
يانجىپ، ئۇنىڭغا ئازغىنە كاپۇر سېلىپ، قىزىل سىر سېلىپ
ئېغىزنىڭ ئىچىدىكى يارىلارغا باسسا پات ياخشى بولۇر.
يەنە ئاق سۇمۇقنى سۇدا ئېرىتىپ پات ـ پات غەر ـ غەر
قىلغاي.

**مەجۇنى كەشنىز**

مەجۇنى كەشنىزنىڭ دورىلىرى: قارا ھەلىلە، ئاملىلە
پوستى، كابۇل ھەلىلىسى، يۇمغاقسۇت، سېرىق ھەلىلە
پوستى، بەلىلە پوستى بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر سەردىن ،
يانجىپ ئەلگەپ، يىگىرمە مىسقال بادام يېغىدا ياغلاپ، بۇ
دورىلارنىڭ ئۈچ ھەسسىسىچە ھەسەلدە مەجۇن قىلىپ يۇ-
غارغاي. ئاندىن بىر قۇتىغا ئېلىپ قىرىق كۈن كۆمۈپ، ئان-
دىن بىر قېتىمدا ئۈچ مىسقالدىن بەش مىسقالغىچە يېگەي.
كەرەپشە ئۇرۇقىنى شېكەر بىلەن ئىلەشتۈرۈپ يېسە
بېغىر تومۇرلىرىدا باغلانغان قان، سېرىق سۇلارنى ھەي-
دەر، بەدەنگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلۇر.

**مەجۇنى جۇۋىنىنىڭ دورىلىرى**

ھەر نىچۈك بوغۇم ئاغرىقى، يەللەرگە، ئۇچا ئاغرىقى،
قورساقتىكى خۇن يەللىرىگە ۋە پۇت ئاغرىقىغا بۇ مە-
جۇننى ياساپ يېسە تولا مەنپەئەت قىلۇر. تەركىبى: بېدى-
يان، سېرىق زىرە، زەردەك ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقلىرى بىر
سەردىن، تۇخۇمى تەررە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئۇزۇن
پىلپىل، قارامۇچلار بىر يېرىم مىسقالدىن، سارىن، جو-
يۇزلار ئۈچ مىسقالدىن، يۇمغاقسۇت، دارچىنلار تۆت
مىسقالدىن، دورا تېخمۇ كۈچلۈك بولسۇن دېسە بىر يېرىم
سەر بۇغا مۈڭگۈزى، ئىككى سەر سىيادان، بەش مىسقال
ياڭاق مېغىزى، ئۈچ مىسقال قەلەمپۇر قوشۇپ ئىككى
ھەسسە ھەسەلدە يۇغارغاي. جۇۋىنىنىڭ پوستى زىيانلىق.
شۇڭا جۇۋىنىنى ئىنەك سۈتىگە چىلاپ بىر كېچە تۇرغۇ-
زۇپ، پوستىنى ئېلىپ سايىدە قۇرۇتۇپ، يۇقىرىقى دورىلار
بىلەن يانجىپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىپ ھەر
قېتىمدا ئىككى مىسقالدىن يېگەي.

**مەجۇنى سۇپۇيى سۆرىنجان**

سۆرىنجان يەتتە مىسقال، بادام مېغىزى ئىككى يېرىم
مىسقال، زەپەر بەش پۇڭ، مەھمۇدە بىر يېرىم مىسقال،
قەنت ئىككى يېرىم سەر، بۇ دورىلارنى يانجىپ ئەلگەكتىن
ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىپ ئىككى مىسقالدىن يەيدۇ. ئەگەر
كېسەل ئېغىرراق بولسا ئۈچ مىسقالدىن يەيدۇ.

**مەجۇنى مەسىھا**

MIRAS

مەجۇنى مەسىھا تاماق سىڭدۈرۈر، ئەر- خوتۇنچىلىققا كۈچ قوشار، ئىشتىھانى ئاچۇر.

تەركىبى: ئاقىرقەرھا ئالتە مىسقال، لاچىندانە بىر سەر، ئاق پىلپىل يەتتە مىسقال، زەپەر ئۈچ مىسقال، قەلەمپۇر بىر سەر، مەستىكى سەككىز مىسقال، دارچىن يەتتە مىسقال، بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قىلىپ يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، ئىككى ھەسسە ھەسەل ۋە ئون سەر قەنت بىلەن يۇغۇرۇپ مەجۇن ياساپ، بىر مىسقالدىن يېگەي. ئۇشبۇ دورىنى مەزلۇم كىشىنىڭ ئەندامىغا قويسا قىزلىق باھارىغا قايتۇر.

## مەجۇنى سۇرۇ

ئۇشبۇ مەجۇن قاندىن، سەپرادىن بولغان خاپىغانغا تولا مەنپەئەتلىكتۇر.

تەركىبى: تاباشىر، گاۋزىبان، كاسىن ئۇرۇقى ئۈچ مىسقالدىن، پوستىدىن ئايرىلغان ئامىلە بىر يېرىم سەر، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل، مەرۋايىت، كەھرىۋا، كۆيدۈرۈلگەن بىخ مارجانلار تۆت مىسقالدىن، زەپەر بىر يېرىم مىسقال، بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى ھەسسە قەنت، يېرىم مىسقال ۋەرەقى نەقرەلەرنى ئالما شەربىتىدە ئېزىپ دورىلارنى سېلىپ يۇغارغاي. بىر قېتىمدا بىر مىسقالدىن يېگەي.

مەيدە ئاغرىقىنىڭ دورىسى: ئۇشبۇ مەجۇن مەيدىگە قۇۋۋەت بېرۇر. بەلغەمنى كېسەر، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلۇر، ئېغىزدىن سۇ ئاقۇرنى توختىتۇر، قورساقتىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈر. تەتۈر يەللەرنى بىر تەرەپ قىلۇر. دوۋسۇندىكى تاشنى چۈشۈرۈر. ئاقما يارىنى ساقايتۇر. شەھۋەتنى زىيادە قىلۇر. جىگەرنى تازا قىلۇر، ئىشتىھانى ئاچۇر، تەننى ساغلام قىلۇر.

تەركىبى: جۇۋىنە، كەندىر ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى بىر سەردىن، مەستىكى، قەلەمپۇر، ئۇدخاملار ئىككى دىرەمدىن، ئاقىرقەرھا، ئەسىر بىر دىرەمدىن، سىيادان بىر دىرەم، بۇ دورىلارنى يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن ياساپ كۈنىگە بىر مىسقالدىن يېسۇن. بۇ مەجۇننىڭ خاسىيىتى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردە گەپنى قىسقارتتىم.

مائۇل ئۇسۇل بۇزۇرى شەربىتىنىڭ تەركىبى: رۇۋەبېدىيان، بېدىيان، چىگىسەي ئۇرۇقى، كىشۇس ئۇرۇقى، تۇخۇمى سۆسەن(چۈچۈكبۇيا ئۇرۇقى)، تۇخۇمى تەررە (تەرخەمەك ئۇرۇقى)، شۇمشە ئۇرۇقى(شاگدۇزا ئۇرۇقى)، بېدىيان يىلتىزى، بىخ كەبىر( كەھپەغۇن يىلتىزى)، كەرەپشە يىلتىزى، ئىزخىر (ۋىلايەتتە چېغىرتماق يىلتىزى)، گاۋزىبان، بىنەپشىلەر ئىككى يېرىم مىسقالدىن، كاسىن ئۇرۇقى، كاسىن يىلتىزى، قىزىلگۈل، چۆپچىنىلەر بەش مىسقالدىن، ھەلىلە، رەۋەن بىر سەردىن، بەش پاتمان ئاق شېكەر، ئون تۇخۇم، تۇخۇمنى سوۋۇتۇپ سالىدۇ، بۆرەك يەللىرىگە سۆكمەل جۇۋىنىنىڭ خاسىيىتىگە ئوخشاش خاسىيەت بېرىدۇ. مائۇل ئۇسۇل دىنارى دوۋسۇندىكى تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان تۇرلۇك يەللەرنى ئاچىدۇ. ئىزخىر، گاۋزىبان، بېدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، تۇخۇمى كىشوس، بىخ كەبىر، بىخ بېدىيان، بىخ كەرەپشەلەر بىر مىسقالدىن، كاسىن ئۇرۇقى، كاسىن يىلتىزى، قىزىلگۈل، خاگگا ئۇرۇقلىرى ئىككى مىسقالدىن، ھەلىلە، رەۋەنلەر تۆت مىسقالدىن، ئۈچ پاتمان ئاق شېكەر، تۆت تۇخۇم، ئىخراج(سۇرگە)ئۈچۈن شەربەت قىلۇر بولسا رەۋەن بىر سەر، ھەلىلە بىر سەر، بەش جىڭ ئاق شېكەر، سەككىز تۇخۇم، ئەگەر مەزلۇم كىشىگە بېرۇر بولسا ئىككى سەر ئۇردان قوشۇلۇر. بۇ شەربەت پىشاپ تۇتۇلغانغا تولا مەنپەئەتلىكتۇر.

## نىلۇپەر شەربىتىنىڭ خاسىيىتى

ئىسسىقتىن خاپىغان بولغانغا، ئىسسىق قاندىن تۇكۇرۇك سارغايغانغا، تۇكۇرۇك ئېغىزدىن ئاجرىمىغانغا تۆت سەر نىلۇپەر، ئىككى سەر ئاق لالە، ئىككى سەر چۆپچىن، يېرىم جىڭ چىلان، بەش جىڭ ئاق شېكەر، ئون دانە تۇخۇم بىلەن قايىنتىلىدۇ. سەندەل شەربىتى يۈرەك سالغانغا، ئىچى تۇشۇپ بىئارام قىلغان ئاغرىقلارغا ناھايىتى كۆپ پايدا قىلىدۇ. ئاق سەندەل ئىككى سەر، قىزىل سەندەل ئىككى سەر، بۇلارنى بىر كاسە ئۈزۈم سىركىسىدە ياتقۇزۇپ، بىر كېچە- كۈندۈز بولغاندا قايىنتىپ، قىيام قىلىپ ئىچمەك كېرەك. بۇ شەربەت ئۈچ جىڭ ئاق شېكەر، ئالتە تۇخۇم، ئىككى پىيالە سۇ بىلەن قىيامىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىسكەنجىبىن شەربىتى قايىنتۇر بولسا تۆت ئاشقۇرا ئۈزۈم سۈيىگە تۆت ئاشقۇرا سۇ قۇيۇپ قايىنتىپ، تۆت

ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسە قالغاندا بۆز لاتىدىن ئۆتكۈزۈپ،
بەش جىڭ ئاق شېكەر سېلىپ قايىنتىپ، يەتتە تۇخۇمنىڭ
ئېقىنى سېلىپ، كۆپۈكىنى پاكىز ئېلىپ، قىيامىغا كەلتۈرۈپ
يېرىمى قالغاندا تىرناققا تېمىزىپ كۆرسۇن، ھەسـەلـگـە
ئوخشاش ئۇيۇپ قالسا قىيامىغا يەتكىنىدۇر. ئۇزۇم سىر-
كىسى بەك كۈچلۈك بولسا تۆت ئاشقۇرا سۇ قوشۇلۇر. بۇ
شەربەت سېرىق ئاغرىقلارغا ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

## چىلان شەربىتى

بىر جىڭ چىلاننى يۇيۇپ، سەككىز پىيالە سۇدا قايىن-
تىپ سۇ چىلانغا تولۇق سىڭگەندە بۆز لاتا بىلەن سۈزۈپ
ئۈچ جىڭ ئاق شېكەر، ئالتە دانە تۇخۇم ئېقى سېلىپ يەنە
قايناتسۇن، كۆپۈكىنى ئېلىپ، ئوتنى سۇس قالاپ قىيامىغا
كەلتۈرۈپ توختاتسۇن. ئەگەر كىشىنىڭ يۈرىكى ئورنىدىن
قوزغىلىپ كەتسە ئالتۇن ۋەرەقنى ئۈچ جىڭ چىلان بىلەن
يەيدۇ. ئۇسۇلى: چىلاننى پوستى بىلەن قايىنتىپ پىشۇرۇپ
ھەر بىر چىلانغا ئالتۇن ۋەرەقنى ئاغىنتىپ يېسە يۈرەك
جايىغا چۈشۈر.

## سىماپنىڭ بايانى

ئۈچ مىسقال سىماپنى ئۈزۈم بىرلەن ئۆلتۈرۈپ، بۇ-
نىڭغا چىلاننى، كىمخاپ پۇرۇچىنى، قىز بالىنىڭ تىرنىقىنى،
مەزلۇم كىشىنىڭ چېچىنى، يەتتە دانە سەدەپ، يەتتە دانە
چىن مارجان، يەتتە دانە چىن ئۈنچە، تۆت يىن پاقا، ئۈچ
دانە ئالتۇن ئەڭلىك، بىر تۇتام قۇشقاچ مايىقىنى بىر قىلىپ
يانجىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆلتۈرگەن سىماپنىڭ ھەممىسىنى
ئىلەشتۇرۇپ تۆت كۈن يانجىپ پىشۇرۇپ كۈملاچ قىلىپ
كۈندە بەش دانىدىن يېگەي. ئايال كىشى بولسا ئەر كى-
شىنىڭ چېچى، ئوغۇل بالىنىڭ تىرنىقى قوشۇلۇر، بۇ دورا
يامان ئۇچۇقلار ئۈچۈن يېيىلىدۇ. ئەگەر دورا كۈچ بەر-
مىسە بۇ دورىلارنى سۈرگە ئۈچۈن ئىچىپ ئىچىنى تازىلاپ
ئاندىن دورا قىلسۇن. خاھى ياساپ يەيدىغان، خاھى تار-
تىدىغان، خاھى سىماپنى يەيدىغان ئىشلارغا ئوبدان بو-
لىدۇ. خەنزۇلار بۇ دورىنى بەك چوڭ بىلىدۇ: جىڭ يۈڭ-
خۇا، كەيگېڭ، دەنسۇ بىر مىسقالدىن، جىن سىنجا ئۈچ
مىسقالدىن، جاڭسىن، لىنجۇ، زۇسى، مۇشۇ بـىـر يـېـرىم
مىسقالدىن، ۋېنكۈي ئىككى مىسقال، ۋۇگېڭ ئىككى تال
پۈتى ۋە قۇيرۇقى ئېلىپ سېلىنىدۇ. مۇشۇدىن ئۆزگىسىنى
چالا يانجىپ بىر يېرىم پىيالە سۇدا قايىنتىپ بىر پىيالە
قالغاندا خاڭجۇ بىلەن ياكى ئىككى ياش بولغان ئوغۇل
بالىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن ئىچۈرسۇن. سۈيى تولا بولۇپ
كەتمىسۇن.

## بۇ بابتا مەزلۇم كىشىدە پەرزەنت بولىدىغاننىڭ بايانى

مەزلۇم كىشىنىڭ بالىياتقۇسىدا گۆش ئۈنگەن بولسا
جىما قىلغاندا ئۈچىسىدا دەرد بولۇر، ئەگەر بالىياتقۇسىغا
پىرى جادۇ قىلىنغان بولسا ئەر-خوتۇنچىلىق قىلغاندا بې-
شى ئاغرۇر. ئەگەر ھەيزىنىڭ كۈنى ئۆتكەن بولسا ئەر-
خوتۇنچىلىق قىلغاندا پۇتى ئاغرۇر. بالىياتقۇسـىدا يـەل
تۇرۇپ قالغان بولسا ، ئەر- خاتۇنچىلىق قىلغاندا بالىيات-
قۇنىڭ ئۆزى ئاغرۇر. بۇلارنىڭ ئىلاجى: بالىياتقۇدا گۆش
ئۈنگەن بولسا كۈنجۈت يېغىنى ئۇي يېغى بىلەن بىرلەش-
تۈرۈپ، بۆزنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئايال كىشىنىڭ ئەندا-
مىغا تىقىپ قويۇپ تۆتىنچى كۈنى ياۋۇقلۇق قىلسا يەنە بۇ
تىلسىمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرسە ئىنشائاللا پەر-
زەنتلىك بولۇر. (قىسقارتىلدى).

بالاياتقۇغا يەل تۇرۇپ قالغان بولسا ئەپيۇن، ئۇي
يېغى ۋە ھەزار ئىسپەندى (ئادراسمان)لەرنى بىر قىلىپ
يۇڭنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ئەندامىغا تىقىپ ئۈچ كۈن تۇر-
غۇزۇپ ئاندىن يېقىنچىلىق قىلسۇن ھەمدە بۇ تىلسىمنى
ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرسۇن.

بالىياتقۇسى چۆرۈلگەن بولسا كالا ئۆتىنى يېغى بىلەن
ئارىلاشتۇرۇپ، يۇڭنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئەندامىغا سۈرۈپ،
ئاندىن ئەر كىشىگە يېقىنچىلىق قىلسا ھەمدە بۇ تىلسىمنى
ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرسە ئىنشائاللا باللىق بولۇر.

ئەگەر ھەيز كۈنى ئۆتكەن بولسا ياش ئۈرۈقنى يې-
سمۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ كۈن ناشتىدا يېسە،
ئاندىن كېيىن ئەر كىشىگە يېقىنچىلىق قىلسا ھەمدە بۇ
تىلسىمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرسە باللىق بولۇر.

بالىياتقۇغا كىر يىغىلغان بولسا تۈلكىنىڭ ئۆتىنى كى-
چىك بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈتى، پىتپىتى، زەپەرلەر
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۇڭنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئەندامىغا
تىقىپ قويسۇن. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەر كىشىگە يېقىنچى-
لىق قىلسۇن ھەمدە بۇ تىلسىمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ

www.uyghurkitap.com





يۇرسۇن، ئىنشائاللا بالىلىق بولۇر.

بالىياتقۇغا گۆش ئۇنگەن بولسا پىتپىتى، دارچىن ۋە ھەسەللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ كۈن ناشتىدا يەپ ئاندىن يېقىنچىلىق قىلسا ھەمدە بۇ تىلسىمنى ئۆزى بىلەن بىللە تۇتسا ئىنشائاللا بالىلىق بولۇر.

ئەپيۇن دەپ كۆكنار سۈيىنى ئىبىتۇر. ئەگەر كىشى ئەپيۇننى يەتتە كۈن ئىچسە ھەر قانچە تۇغماس بولسىمۇ تۇغقاي، خۇدايىتائالا پەرزەند ئاتا قىلغاي، بەك ئىشەنچلىك.

خوتۇن كىشى كالا يېغىغا كالا ئۆتىنى ئارىلاشتۇرۇپ دائىم ئۆزى بىلەن بىللە تۇتسا ئوغلان ـ ئۇششاقلىرى كۆپ بولغاي.

ئەر كىشى بۆرە يېغىغا بۆرە ئۆتىنى ئارىلاشتۇرۇپ زەكىرىگە سۈرۈپ جىما قىلسا ئايال كىشى دەرھال ھامىلىدار بولغاي.

مەزلۇم كىشىنىڭ ئىچىدە بالىسى ئۆلگەن بولسا ئۈدىنىڭ تېزەكىنى سۇدا ئېزىپ ئىچسە دەرھال چۈشكەي.

ئەگەر كىشىدە قۇرۇق يۆتەل بولسا ئىككى يېرىم مىسقال خەشخاش ئۇرۇقى، ئىككى يېرىم مىسقال خەشخاش پوستىنى ئىككى ئاشقۇرا سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا ئۈچ سىر قەنت سېلىپ قايناتقاي، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە يەتتە مىسقالدىن بىر سەرگە يەتكۈزۈپ ئىچكەي، غىزاسىغا ماش، توخۇ گۆشى، يېسىمۇق، گۈرۈچ، ھۆل يۇمغاقسۇت، ئازراق كۆكنار قېتىپ قاينىتىپ ئىچكەي. قۇرۇق يۆتەلنىڭ يەنە بىر ئىلاجى ئۇشبۇ شەربەتنى ئىچكەي: كەھىبەغوننىڭ مېۋىسى، كىشمىش ئۈزۈملەرنى ئۈچ مىسقالدىن، نەشپۈت، كەتىرا، قاپاق ئۇرۇقىنىڭ مېغىزلىرىنى بىر مىسقالدىن ئېلىپ بۇلارغا بەش مىسقال ناۋات قوشۇپ، ھەممىسىنى يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئىلەشتۈرۈپ يېمەك كېرەك، شۇندا قۇرۇق يۆتەل ساقىيۇر.

ئەگەر كىشىدە ئارامسىز يۆتەل بولسا ھەر كۈنى بىر مىسقال چاچكىنى يۇمشاق يانجىپ، ئىسسىق سۇدا ئېزىپ ئىچسە ساقىيۇر.

كونا يۆتەل بولۇپ كېچىدە ئۇخلىيالمىسا ئاچچىق ئانار بىلەن تاتلىق ئانارنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ قايناتىپ ئىچسە ساقىيۇر.

يۆتەلنىڭ يەنە بىر دورىسى: ئىككى سىر بىنەپشە بىلەن ئۈچ سىر چىلاننى بىر پاتمان سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈۋېلىپ، يەتتە سىر فىلوس، بىر سىر تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئىككى سىر يانتاق شېكىرى، ئىككى سىر ئاق شېكەر، ئۈچ مىسقال گاۋزىبان بۇلارنى يۇمشاق يانجىپ، يەنە بىر پىيالە سۇدا قاينىتىپ شەربەتكە چىقىپ ئىچكەي. كىچىك بالىغا ئانىسىنىڭ سۈتى بىلەن ئېزىپ بەرسە پايدا قىلۇر.

ئەگەر كىشىگە زۇكام تەگسە ياكى دېمى سىقسا ياكى مەيدىسى كۆپسىمۇ بۇ شەربەتنى يالىسا ساقىيۇر. دېمى سىققان كىشى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسىمۇ پايدا قىلۇر.

بەلغەمدىن دېمى سىققان كىشى تولا ئۇسساپ زېمىستاندا بەك بىئارام بولۇر. باھار كۈنلىرىدە ئازراق ياخشى بولۇر. بۇنىڭ سەۋەبى: بەتبۇي نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى بۇرۇنغا تولا كىرگەندىن، خام سۇنى تولا ئىچكەندىن، كەچتە جىق يەپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندىن ئۆپكە، بېغىر، يۈرەكلەرگە زىيان يەتكەنلىكىدىندۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەربەتنى ئىچمەك كېرەك: غارىقۇن، تەرتىز، رەۋەنلەر بىر يېرىم مىسقالدىن، كەتىرا بىر پۇڭ، ئېھلىلئازراق(ئاقىرقەرھا) ئىككى پۇڭ، مەھمۇدە بىر پۇڭ، ئاق چاچكا بىر سىر، بۇ دورىلارنى يۇمشاق يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلدە مەجۇن قىلىپ ئەتە ـ ئاخشامدا بىر مىسقالدىن يېگەي. ئاق ئەرمەننى قاينىتىپ شەربەت قىلىپ مەجۇننىڭ ئالدى ـ كەينىدىن ئىچمەك كېرەك. دېمى سىققانغا تولا مەنپەئەت قىلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ ئۆپكىسىگە كىچىككىنە بەلغەمدىن زىيان يېتىپ يۆتەلسە ئۆپكىدىن يىرىڭ چىقۇر، ئۇل يېرىڭنى ئوتقا سالسا بەتبۇي پۇراق چىقۇر. سۇغا سالسا تېگىگە چۆكۈپ كېتەر. بۇنىڭ ئىلاجى: بارچە سۈتلەرنىڭ ئوبدىنى، كۆچلۈكى ئادەم سۈتىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم سۈتىنى ئىچكەي، ئادەم سۈتى تېپىلمىغاندا كۆك ئىنەك (ئىشەك) نىڭ سۈتىنى ئىچكەي. مىزاجىغا بېقىپ غىزاسىغا ئارپا سۈيى ئىچكەي، ھەمىشە نەپسى ئىنتىك بولۇر، ئەگەر يېنىچە ياتالمىسا نىلۇپەر شەربىتى قىلىپ ئىچۈرگەي. ئالتە مىسقال بىنەپشە، ئۈچ سىر قەنت، ئاق سەندەل، قىزىل

سەندەللەرنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى مىسقالدىن ئېلىپ، بىر پىيالە سۇدا قاينىتىپ، شەربەت قىلىپ ئىچكەي. دېمى راۋان بولۇر.

### مەيدە ئاغرىقى ئۈچۈن يەيدىغان مەجۇنى كۇمۇنە بۇدۇرۇر

ئون سەر زىرىنى سىركىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چە-لاپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، ئۈچ سەر ئاقمۇچ، ئاق چاچكا، قارا سۇيزە، بابۇنىلەرنى ئىككى مىسقالدىن ئېلىپ، شۇلتا، يالاتۇزلارنى بەش مىسقالدىن ئېلىپ، بۇلارنى بىرلەشتۇ-رۇپ يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، بىر قېتىمدا بىر مىسقالدىن ئىككى مىسقالغىچە يېگەي.

### مەجۇنى نۇجاھ

مەيدە ۋە باش ئاغرىقلىرى بەلغەمدىن بولسا ۋە يەنە بارلىق سەۋدايى ئاغرىقلارغا ھۆكۈمالار ئۇشبۇ مەجۇنى نۇجاھنى بۇيرۇپتۇر. دورىلىرى: سېرىق ھەلىلە، كابۇل ھەلىلىسى، كۆك ھەلىلىلەر يەتتە مىسقالدىن، ئۇستىقۇد-دۇس، سېرىق يۆگەي، ، قارا يۆگەي، تەرتىزلەر ئۈچ مىسقالدىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۇرۇپ يانجىپ، ئەلگەپ، لاجىۋەردىنى يۇيۇپ، غارىقۇننى قىل ئەلگەككە سۈركەپ، ھەر بىرىنى بىر مىسقالدىن قوشۇپ، ئون سەر ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن قىلىپ، بىر قېتىمدا بەش مىسقالدىن يېگەي.

ئەگەر كىشىنىڭ مەيدىسى سەۋدادىن ئاغرىسا رەڭگە-رويى ئورۇق بولۇپ، دائىم ئاغزى قۇرۇق ئاچچىق بولۇر، ھەددىدىن زىيادە كېكىرۇر. مۇنداق كېسەل نوقۇتنى غى-زاسىغا ئۇماچ قىلىپ ئىچكەي. تاتلىق نەرسىلەرنى يېگەي، ئاچچىق، زەھىرى بار نەرسىلەردىن پەرھىز قىلغاي، ھەر-قانداق كىشى مۇنداق ئىللەتكە دۇچار بولسا كۆڭلىدىن كۈنگە ھالى خاراپ بولۇر، بۇنداق كىشىنىڭ كۆڭلى بەتتام، لاۋزا نەرسىلەرنى يېيىشنى ئارزۇ قىلۇر. ئەمما پايدا قىل-ماس، زىيىنى تولا بولۇر. مۇشۇنداق مەرەزنى مەيدىدىن قەي قىلىش يولى بىلەن چىقارماق كېرەك. غىزاسىغا ماشنى ئۇزاق قاينىتىپ ئېزىپ توخۇ گۆشى بىلەن يېسە ئول زەخمەتتىن خالاس بولۇر. ھۆكۈمالار ئۇشبۇ شەربەتنى بېرىپ، بەلغەم، سەۋدا، تەشنالىقنى پەست قىلىپتۇ. دورىسى بۇدۇر: سېرىق يۆگەي، بېدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقلىرى بەش مىسقالدىن، بېدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزلىرى بىر مىسقالدىن، بۇلارنى ئىككى ئاشقۇرا سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈۋېلىپ، سەككىز سەر قەنت سېلىپ ئازغىنە قاينىتىپ ئېلىپ قويۇپ، ھەر ئەتىگىنى بىر قو-شۇقتىن ئىچكەي. بۇنىڭغا يەنە ئاق قىزىلتاۋاق گۈلنى قاينىتىپ بىر قوشۇق شەربەتكە يەتتە قوشۇقنى قوشۇپ ئىچكەي.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مە-دەنىيەت تەتقىقات، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرى-شىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـــ (0991)

# بىزنىڭ تۇرمۇش



نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت

مۇھەررىردىن: 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بولغان ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، تارىخچى، ئەدىب نەزەرخوجائابدۇسەمەتنىڭ ھاياتى بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئاز ـ تولا تونۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيىسى، دۇنيا قارىشى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى تاتار مەتبۇئاتى«شۇرا» ۋە «ۋاقىت»لاردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ماقالىلىرىنى تاللاپ ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇندۇق. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاپتور شۇ زاماندىكى قاراش بويىچە ئىلى ۋە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنى«تارانچى» دەپلا ئالغان. بەزى جۇغراپىيىۋى ناملارمۇ ئەينى دەۋردىكى ئاتىلىشى بويىچە ئېلىنغان. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنىڭغا تەنقىدىي قاراشتا بولۇشىنى سورايمىز.

## بىزنىڭ تۇرمۇش

بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇر ئاتىلىپ، ھازىر ئاتىسىز قالغان ئالتەشەھەر خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر. بىز بۇنى 1914 - يىلى ئاقسۇ سەپىرىمىز ئەسناسىدا كۆرگەن ئىدۇق. مەسىلەن، ئۇ يەردە 15 سوم قەرزنى بىرەلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر ئەزىز بالىسىنى بىر سودىگەرگە ساتقانلىقىنى، ئىككى-ئۈچ ئۇيغۇر ئايالىنىڭ بىللە بىر ئەمەلدارغا بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئائىلە تەشكىل قىلغانلىقىنى ۋە جاڭگۇيدىسىنى ماختىشىپ، ئۆتكەن-كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقىنىنى، سارايلاردا تولىسى مۇسۇلمانلار پاھىشىۋازلىق قىلىپ، بىگانىلەر بىلەن ھەزىللىشىپ، ئوينىشىپ ئولتۇرۇشقىنىنى، تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك ياش يىگىتلەر تۈركۈم-تۈركۈم بولۇپ يۈرۈشۈپ، كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرۈپ، بىر پارچە نان غېرىبى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دىۋانىلىقتا سىلىشىپ، يا دوس، يا ئاللا دەپ ھاۋانى ياڭرىتىپ، دۇنيانى چاڭلىتىپ بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن ـ كەچكەننىڭ ئېتىكىگە يېپىشىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆز مەئىشىتىنى ئۆزى تەمىن قىلالماققا تىرىشقان نومۇسلۇق ئىشچىلارنىڭ كۈنلۈك ھەققى ئالتە تىيىن بولغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى تەمىن ئېتىپ، دۇنيادا ياشاش ئەسلا مۇمكىن

ئەمەسلىكىنى، بۇندا ھۈنەر- سانائەت نامىغا يالغۇز ماتا-
چەكمەن ۋە شايى قولدا توقۇلسىمۇ، لېكىن ئاياغ كىيىم-
لىرى بىلەن يارىشىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق بولمىغاند-
لىقتىن، بازىرى يوق ئىكەنلىكىنى، سودا-تىجارەت ساھە-
سىدە ئېيتقىدەك ئىش قىلغان بىرمۇ تىجارەت ئورنى
بولمىغانلىقىنى، ئوقۇش- ئوقۇتۇش بولسا تا ھەزرىتى
نوھ زامانىدىن قالغان ئۇسۇل بىلەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈس-
تىگە بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئات بۇ ئەسىردە بولمىغانلىقتىن،
بۇ جەھەتتىن ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئائىلە تەربىيىسى بەك ناچار ھالدا بولۇپ،
باللارغا كىچىكىدىن ئەقىدە- ئېتىقاد تەربىيىسى بېرىپ،
گۈزەل روھلار بىلەن روھلاندۇرۇلمىغانلىقىدىن، مىللىي
مەتبۇئات بىلەن ئاشنا ئادەملەر ئەمەس، بەلكى مەتبۇئات-
نىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەملەر-
نىڭمۇ بارلىقى گۇمانلىق ئىدى. خۇلاسە: بۇلارنىڭ
تۇرمۇشىدىن مۇراد ھاسىل ئەمەس. ناچار ھاللىرىنى كۆ-
رۈپ قايغۇرۇشقان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئالتەشەھەر ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە بەك
ۋەھىمىدە ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدۇق. ئاقسۇ ئالتەشە-
ھەرنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن، بۇلار غەيرىي
مىللەتلەرگە ئارىلاشماي ياشاپ مەدەنىيەتتە بەك ئارقىدا
قالغان. بۇ يەردە ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا
ئۇنداق ئەمەستۇر. قەشقەر خەلقى تەرەققىي قىلغان. ئۇ
يەردە بەك تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايېفلار، ئابدۇقادىر دا-
موللىلار بارغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بەرگەن ئىدۇق
ھەمدە تېز ۋاقىتتا بۇ دىيار ئەھلىمۇ قەشقەرلەردىن ئۈلگە
ئېلىپ، تېز ئالەم مەدەنىيىتىگە ئاياغ باسىدۇ دەپ ئۈمىد
قىلغان ئىدۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىمىز خاتا
ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. سەيياھ مۆھتەرەم نوشىرۋان
ئەپەندى بىزنى ئالتەشەھەر تۇرمۇشى بىلەن يېقىندىن
تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئىستىقبالىمىزنىڭ بەك ۋەھىملىك
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

نوشىرۋان ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، قەشقەردە بۇنىڭ-
دىن ئۈچ- تۆت يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇغۇچىلار بول-
مىغان بولسىمۇ، ھازىر خېلى كۆپەيگەنلىكى، بۇ ھال ئار-
قىلىق ئۆز ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ھالا-
كەتتىن قۇتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، بىرەن- سىرەن تەر-
تىپلىك مەكتەپلەر بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىساقمۇ،
بۇ ئىشلار ئۇلارنى تەلەپتىكىدەك مەقسەتكە يەتكۈزۈپ،
ھالاكەت چوڭقۇرىدىن تارتىپ ئالالمايدۇ. بۇنىڭغا سە-
ۋەب كېسەل ئادەم ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىش،
چۈشىنىشى بىلەن ساقايدى دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.
ئاۋۋال بۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ كېرەك. بۇنىڭ تې-
ۋىپى جەسۇر، پائال ۋە ھېچ ھارماس- تالماس خادىم،
قابىلىيەتلىك ئالىملاردۇر، ئۇلارنىڭ داۋالىرى ياش بو-
غۇنلارنى سۆزدىن كۆپرەك ئىشقا ئۆگىتىشى كېرەك. مۇن-
داق بولمىغاندا، مەكتەپتە بىلىپ چىققان ئىلىمنىڭ ئەمەلىي
جەھەتتىن بىر ئىشقا يارىمىسا، قۇرۇق پەلسەپە سېتىپ،
ئالەمنى ياڭراتقان بىلەن ھالاكەتتىن قۇتۇلالمايسەن. بۇ-
رۇنلاردىنلا بىز مولللارغا كەمچىل ئەمەس ئىدۇق.
شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ھالاكەتكە مېڭىشى-
مىزنى توسالمىدى. سەۋەبى، ئۇلار پەلسەپە سېتىپ، ئا-
دەمنى ھەيران قالدۇرۇشقا ماھىر بولسىمۇ، ئىش توغرى-
سىغا كەلگەندە ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى تەمىن ئې-
تىشتىن ئاجىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئاۋام خەلق
موللا كىشى يېرىم كىشى، دەپ ئاتايدۇ. قاچانكى بىزنىڭ
خەلق موللا كىشى يېرىم كىشى دېگەن ئېتىقادتىن قايتىپ،
موللا كىشى پۈتۈن كىشى دېگەن ئېتىقادقا كەلسە، مول-
لىلارمۇ پائالىيەت كۆرسىتىپ، موللا كىشى پۈتۈن كىشى،
ئاۋام كىشى يېرىم كىشى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆر-
سەتكىدەك ھالغا كەلسە، تەرەققىيات يولىغا كىرىپ،ھالا-
كەت يولىغا كىرمەيدىغان بولاتتۇق. يەنە نوشىرۋان ئە-
پەندىنىڭ قەشقەر مەكتۇپلىرى ئارىسىدا مونۇ جۈملىلەر
كۆرۈندى: يېقىندا قەشقەرلىك بىر قازىنىڭ ئايالى قېچىپ،
بىر بىگانىنىڭ قېشىغا بارغان، قازى مەزكۇر بىگانە ئۈس-
تىدىن ھاكىمغا ئەرز بەرگەن. مەزكۇر ئايال ھۆكۈم ۋاقتىدا
مېنىڭ ئېرىم قازى ئەمەس دېگەن. يەنە بىر ئۇيغۇر بىر
ئەمەلدارغا قەرز بولغان 15 سومنى بېرەلمىگەنلىكىدىن،
ئەزىز بالىسىنى سويۇپ بەرگەن. مانا بىزنىڭ تۇرمۇشى-
مىز...

دېمەك، ھەممە يەردە بىر ئەھۋال. ئۇ يەردىمۇ شۇن-
داقلا پاھىشىۋازلار، دىۋانىلەر، تىلەمچىلەر، قىمارۋازلار
بىرىنچى دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. مىللەتپەرۋەر، تەرەق-
قىيپەرۋەرلەر ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. يۇقىرىدا ئال-
تەشەھەر ئۇيغۇرلىرى ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاتىلىپ، كېيىن ئات-
سىز قالغان، دېگەن ئىدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ يەرلىك بىر
ئۇيغۇردىن سەن كىم دېسەڭ، قەشقەرلىك ياكى خوتەنلىك
دەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئىسمىغۇ؟دېسەڭ، ھامان مەن مۇسۇل-
مان دەيدۇ. ياق، مەن دىنىڭنى سورىمىدىم دېسەڭ، ھو-
دۇقۇپ مەن چەنتۇ دەيدۇ. قازاق، قىرغىزغا ئارىلاشقان

يەردىكىلەر بىز سارت دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا جاھالەت.

## تارانچىلار قانداق ياشايدۇ؟

«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سانىدا مۇشۇ تېمىدا بىر ماقالە يازغانىدىم. مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتىكى مەقسىتىم تارانچىلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە توغرا مەلۇمات بېرىش بولغانلىقتىن، بىر قەۋمنىڭ تارىخىنى يازغۇچىلار ھەققى سۆزلىگەندە بىرەر ھۆرمەتلىك ئادەمنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ يېزىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن قورقماسلىق كېرەك دەپ ھېسابلىدىم.

بۇنىڭ جاۋابكارلىقى يازغۇچى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى پىكرى ئاساس قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆز ئۈستىدە بولىدۇ دېگەن قائىدىنى دەستۇر قىلىپ، شۇ يولدا ھەرىكەت قىلغان ئىدىم.

ئۆز تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈنگەن ناچار ھال ۋە قارا داغلارنى بىر كۈن بولسىمۇ ئاۋۋالراق تازىلاشقا، يوق قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئەگەر مەزكۇر داغلارنى يوقىتىشقا تىرىشماي، ھامان ئىلگىرىكىدەك «بىلگەنلىرىمىز كىمگە كېرەك» دەپ خەلققە ھېچنېمىنى ئۇقتۇرماي، شۇ يول بىلەن ماڭساق، ئىستىقبالىمىزنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقى بۇندىن يامانراق قاپلايدۇ. ھازىرقى پەيت ئۆلۈك ۋە سولىمىزنى پەرق قىلالماي، جاھالەت سەھراسىدا ئادىشىپ، خاراپ بولىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈش ئىدى. بىراق بۇ ماڭا ئوخشاش چالا، نادان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى مۆھتەرەم ھەزرەتلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئەمما بۇنىڭغا نېمە چارە؟

بۇ مۆھتەرەم زاتلار (ئاسىم، ياقۇپ ئاخۇنغا ئوخشاشلار بۇنىڭ سىرتىدا) سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش مەقسىتىگە بېرىلىپ، مۇنداق ۋەزىپە ـ مەزىپىلەرنى ئېسىدىن چىقارغانلىقى ياكى ئۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەچكە بۇ ئىشقا ئاخىرى بىزگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كىرىشىشىگە توغرا كەلدى.

بەك قاتتىق ئېيتقان ۋاقتىمىزدا، تۇرمۇشىمىزدا بولغان داغلارنى يۇيۇشقا ھەرىكەتلىنىشىمىز ئەيىب ئەمەس، بەلكى ئويغاق تۇرۇپ، سۈكۈت قىلغىنىمىز ئەيىبلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ماقالەمدە تۇرمۇشىمىزنىڭ ناچار ياقلىرىنى ۋە داغلارنىڭ قايسى شەكىلدە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ داغلارنىڭ ئىگىلىرى كىملەر ئىكەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ يازماقچى ئىدىم. تېخى شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتەيكى، مەزكۇر ماقالەمنىڭ بىر جۈملىسىنى ئەمەس، ھەتتا بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ بىرىگە قارىتىلغان غەرەز بىلەن يازمىدىم. بەلكى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئالىي مەقسىتىمنى ئەستە تۇتقان ئىدىم. زاتەن مۇقەددەس مەتبۇئات سەھىپىلىرىنى ئۇنداق شەخسىي ئەرزلەرگە زايە قىلىدىغان ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسمەن. شۇ قەدەر ئىزاھاتتىن كېيىن كېلەيلى مەقسىتىمىزگە.

«شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 18 ـ سانىدا تارانچى موللىلىرىدىن ئىمىر موللا ئەپەندى جانابلىرىنىڭ مېنىڭ مەزكۇر ماقالەمگە يازغان رەددىيىسى بېسىلىپ چىقتى. مۆھتەرەم ھەزرەت مەزكۇر ماقالىنى رەددىيە سۈپىتىدە يازغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ناھايىتى قاتتىق قىزىققانلىقىنى كۆرسەتتى. ھەر نەرسە بولسىمۇ بىز قاراپ كۆرەيلى. ئىمىر موللا ئەپەندى جانابلىرى: ئۇيغۇر ئەپەندى كور، خىپاش سۈپەتلىك ئادەم بولغانلىقتىن، ھەقىقىي ئىشانلارنىڭ دىن ۋە مىللەت يولىدا ئىشلىگەن ھەقىقىي خىزمەتلىرىنى كۆرەلمەي ياكى پەرق ئېتەلمەي، بۇلارنى مەككار ئىشانلار قاتارىدا ھېسابلاپ، ئابدۇراخمان مۇھەممەدى، نىزامىدىن ئاخۇنلارنى ئىشان دېگەن. ئىمانىڭىز بولسا ھەقىقىي ئىشانلىق نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىڭىز دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان بىر جۈملىنى ئەدىبانە سۈرەتتە ئىلغا قىلىپ، بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە داموللام ھەزرەتلىرىنىڭ دىن ۋە مىللەت يولىدا قىلغان خىزمەتلىرىنى ساناپ چىقىپ، بۇ خىزمەتلەرنى ئىشانلىق ۋاسىتىسى بىلەن ئىشلىدى، دېمەكچى بولغان.

ئاغرىقلارنى ئوقۇپ داۋالىغۇچى موللىلار بىلەن پىرە ئوينايدىغان باخشىلارنى بىر تاياقتا ھەيدىگەن. «ئوقۇپ داۋالىغۇچى موللىلار بىر ئۇسۇلغا ئاساسلىنىپ ئوقۇيدۇ. ئاغرىقلارنى ئوقۇپ ساقايتىش مۆتىۋەر كىتابلاردىمۇ بار. ئوقۇش چالا بولغانلىقتىن بارلىق ئوقۇپ داۋالىغۇچىلارنى ئىنكار ئەتكىنىم باردۇر» دەيدۇ ئىمىر موللام. ئەمدى قارايلى، موللا ئىمىر ئەپەندىنىڭ داۋاسى ھەقلىقمۇ؟

مەن مەزكۇر ماقالەمدە ئابدۇراخمان مۇھەممەدى، نىزامىدىن ئاخۇنغا ئوخشاش پازىل زاتلارمۇ ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئېلان قىلدى دېدىم. مۆھتەرەم ئىمىر ئەپەندى بولسا قارغاشقا ئوڭاي بولسۇن دېسە كېرەك، پازىل سۆزىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، دىن ۋە مىللەت يولىدا خىزمىتى كۆرۈنگەن زاتلارنى مەككار قاتارىدا ھېسابلىدى دەپ، بىزنى قارىلىماقچى بولىدۇ. يوغسۇ، ئەپەندىم، پازىل بىلەن مەككار دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق

يوقمۇ؟
جانابىڭىزنىڭ ساناپ چىقىدىغان دىن ۋە مىللەت يو-
لىدىكى خىزمەتلىرى بىزنىڭ پازىل دېگەن سۆزىمىزنىڭ
ئىزاھى ئەمەسمۇ؟ يەنە جانابىڭىزنىڭ داموللا مەزكۇر
ئىشلارنى ئىشانلىق ۋاستىسى بىلەن ئىشلىدى، دېگىنە-
ڭىزدىن مىشارالىيە ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ يولدا ئىشانلىقىنى
ۋاستە قىلغانلىقىنى ئاڭلاتمامدۇ؟ مېنىڭ بۇ ماقالەمدە
تەسەۋۋۇپنى ئىنكار قىلغىنىمنى قاياقتىن ئاڭلىدىڭىز
ۋە مەتبۇئات ئارقىلىق مېنىڭ ئىمانىمدىن گۇمانلىنىشقا
سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ئەپەندىم، مەندىن گۇمان
قىلماڭ. مەن ھەقىقىي ئىشان-
لارغا تىل تەگكۈزمەيمەن. مېنىڭ
كۆرسەتمەكچى بولغان ئىشان-
لىرىم كىملەردىن ئىبارەت ئە-
كەنلىكىنى بىلىشنى خالىسىڭىز
«ھەقىقەت» ناملىق ئەسەرنىڭ
117 _ بېتىگە مۇراجىئەت قىل-
سىڭىز، ياكى شۇ ماقالىنى بىر
قاتار ئوقۇپ چىقسىڭىز كۇپايە
قىلىدۇ. ئېھتىمال، ئۆزلىرىنى
ئىشان دەپ ئېلان قىلدى، دې-
يىشىم سىزنى ھەيران قالدۇر-
غاندۇ. بۇنى بىز بىر ئاز ئىزاھ
ئېتەيلى. ھەممىمىزگە مەلۇم-
دۇركى، بىر ۋاقىتلاردا بىزنىڭ
مۇھىتىمىزدا، ئىشان ۋە ئىشان-
لىق شۇنداق مەشھۇر بولدى،
شۇ قەدەر غەلىبە قازانغانكى،
ھەتتا بىر ۋاقىتلاردا ھەر بىر
نەرسىنى يالغۇز ئىشانلىق بىلەنلا
ئىشلەشكە بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىشانلارنىڭ ھەر تە-
لەك _ ئارزۇلىرى ھېچ توسالغۇسىز ئورۇنلىناتتى. ئاۋام
ئارىسىدا بۇلار سېھىر كۆرسىتىش بىلەن باي بولاتتى.
بۇنى بىر ۋەقە بىلەن ئىسپات قىلاي: يېزىلاردىن بىرىدە
بىر ئاخۇنۇم خەلقنىڭ ئىشانلار سۆھبىتىگە قاتنىششىنى
پەرز ئىبادەتلەردىن ئەلا تۇتۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ،
بىر كۈنى جامائەتكە خىتاپ قىلىپ:«جامائەت، ئىشانلار-
نىڭ سۆھبەتلىرىنى پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىغا قويماڭلار،
ئاۋۋال پەرز ئىبادەتلىرىڭلارنى ئۆتەڭلار، شۇنىڭدىن
كېيىن ۋاقتىڭلار يەتسە، ئاندىن بېرىپ ئاڭلاڭلار» دەپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى پەيغەمبەر يولىدا تەربىيىلەنگەن مۇ-
رىتلار غەۋغا چىقارغان. ھەتتا ئاخۇن ھەزرەتلىرىنى ئۆل-
تۈرىمىز دەپمۇ قورقۇتقان. ئاخۇن ھەزرەتلىرى بۇ ۋە-
قەنىڭ يەنىمۇ ناچار بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئىشان
ھەزرەتلىرىگە كىشىلەر ئەۋەتىپ، ئەپۇ سورىغان. دېمەك،
ئۇ ۋاقىتتا ھەقىقىي ئالىملارنىڭ ئاۋازى جاھالەت ۋادىسىدا
غايىب بولۇپ كېتەتتى.
ئومۇم خەلقنىڭ بەزىبىر قىسمى ئىشانلارغا ئۆزلىرىنى
ئاتىغانلىقىنى بايان قىلدۇ. ئۇ چاغلاردا ئىشانلىقنىڭ نە-
قەدەر مۇھىم رول ئوينىغانلىقى چۈشىنىشلىك بولسا كې-
رەك.
دېمەك، بىزنىڭ داموللىمىز-
مۇ شۇنداق مۇرىتلارنى تەربى-
يىلەشكە كىرىشتى. مۇرىتلارنى
رەسۇلۇللا يولىدا مېڭىپ تەربى-
يىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زا-
ماندا بۇ ئادەمنىڭ مۇرىتلىرى
ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەسەلگە ئو-
لاشقان چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش
ئايلىنىپ يۈرگەنىدى. داموللامغا
مۇرىت بولغۇچىلار ئارىسىدا ئا-
ۋام خەلق بولغىنىدەك، موللا-
لارمۇ بار ئىدى. بۇ موللىلارنىڭ
كۆپىنچىسى نىزامىدىن ئاخۇن
جانابلىرىنىڭ شاگىرت ۋە خەلى-
پىلىرىدىن ئىبارەت بولغانلىقتىن
مىشارالىيە ئاخۇنۇمدىن شاگىرت-
لىرىنى قايتۇرۇپ چاقىرتىسىمۇ،
ئۇلار ئارقىغا قايتمىدى. داموللام
سۆھبىتىنى ھامان داۋاملاشتۇر-
دى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى ئاخۇن ھەزرەت ئۆزىنىڭ
دوست _ يارەنلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق
چەكتى ۋە ئۆزىنى غۇربەتتە ھېس قىلىپ، مىسكىن بولۇپ
تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

غېرىب مەن ئۇشبۇ دۇنيادا، مېنىڭ يوقتۇر قېرىنداشىم،
ئۇچارغا ئارزۇيۇم باردۇر، ئاڭا يوقتۇر پېرۇبالىم.

ئىنسان ھايات قۇلى، ئىنسان مۇھىت قۇلى، دېگىنى
توغرا. بۇ ھال بىزنىڭ ئاخۇنۇمدا كۆرۈندى. كېيىنكى ۋا-
قىتلاردا ئىشانلىق قىلىپ، مۇرىت تەربىيە قىلىشقا


ئوڭدىن: ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ، نەزەرخوجا ئاب-
دۇسەمەت، ئابۇزەر خەلىپەم

كىرىشكەن بولسىمۇ، ئانچە راۋاج تاپمىدى. ھەر قانداق
بولسىمۇ، ئاخۇن ھەزرەتلىرىنىڭ تارانچىلارغا قىلغان
خىزمىتى تەقدىرلىگۈدەك چوڭدۇر. موللا ئىمىر ئەپەندى-
نىڭ ماقالىسىدا بايان قىلىنغان ئادەملەرنىڭ بىرەرسى بۇ-
نىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قالغانلى-
رىنىڭ ھەممىسى ھەزرەتنىڭ باغچىسىدا يېتىشكەن دە-
رەخلەردۇر. داموللام بولسا ئۇ دەرەخلەرنىڭ يېمىشىنى
بازارغا چىقىرىش ۋە باھاسىنى تەيىنلەش خىزمىتىنى ئو-
رۇنلىماقتا. بۇ قەدەر ھالىمىزغا شۈكۈر قىلىمىز.

نىزامىدىن ئاخۇنۇم ھەقىقەتەن ئالىم، پازىل،
دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەردار، مەتبۇئات سۆيگۈچى، مە-
سىردىن ژۇرناللار ئېلىپ ئوقۇغان ئادەم. چۈنكى ئۇ ۋا-
قىتتا قازاندا «تەرجىمان»دىن باشقا گېزىت چىقمايتتى. بۇ
كىشى توغرا سۆزلۈك، ئۆز پىكرىلىك ، غۇم ساقلىماس ۋە
ناھايىتى جەسۇر ئادەم ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يارانلى-
رىدىن ئايرىلىشىغا ئۇنىڭ مۇشۇ تەبىئىتى سەۋەب بولدى
دېيىلىدۇ. مۆھتەرەم ھەزرەتنىڭ دوست ـ ياران، شاگىرتى-
لىرىنىڭ بىرى ھىممەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل تەرجى-
مىھالىنى، شېئىرلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن بىللە
يىغىپ، نەشر ئەتتۇرسە ھۆرمەت كۆرسەتكەن بولاتتى. ھېچ
بولمىغاندا تەرجىمىھالىنى رەتلەپ، «شۇرا» ژۇرنىلىغا
ئەۋەتىش لازىم. بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز، تارانچىلار
تۇرمۇشىدىن خالىس ۋە توغرا مەلۇمات بېرىش بولغاچ-
لىقتىن، ھەر نەرسىنى كۆرگىنىم بويىچە يازغانىدىم. ئاغ-
رىقنى ئوقۇپ داۋالايدىغان موللىلار بىلەن باخشىلارنى
ھەر قاچان بىر تاياقتا ھەيدەيمىز. سەۋەبى، بۇلارنىڭ
داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرقلەرنى
كۆرمەيمىز. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئىشىدا ھېچبىر ماددىي
داۋا بولماي، بىرسىنىڭ ئۇۋۇش بولسا، يەنە بىرسىنىڭ دەم
سېلىشتۇر. بۇنىڭ ياخشى ـ يامىنى ئىككىنچى گەپ. ياخ-
شىسى بولغان تەقدىردىمۇ، بىرەر پايدىسىنىڭ بولۇشى
شۈبھىلىكتۇر. راستىنلا بۇنداق تەدبىرلەر بىلەن ئاغرىق-
لارنى ساقايتىش مۇمكىن بولسا، ماددىي دورىلارنىڭ ۋە
تېببىي پەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولۇر. بۇ يولدا مىليون-
لارچە پۇل ۋە ئۆمۈر سەرپ بولۇۋاتىدىغۇ. بىھۇدە نەر-
سىگە ئورۇنۇشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ بەلكى ياۋروپالىقلار
بۇنى بىلمەسمۇ؟ مۇنداق قىلىپ بىزگە نېمە كېتۇ؟

**تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق؟**

تارانچىلاردا مەدەنىيەت نۇرى بولغان چوڭراق كە-
تابخانا، قىرائەتخانا، خەيرىيە جەمئىيىتىگە ئوخشاشلارنىڭ
ھېچ قايسىسى يوق. ئۇلارنىڭ نامىمۇ يوق. شۇنداقلا
مۇنتىزىم مەكتەپ، مەدرىسىگە كەلسەك، بۇرۇندىن قالغان
مەكتەپ، مەدرىسە دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق بو-
لۇپ، بۇلارنىڭ ھەقىقەتتە بىرسىمۇ رەتلىك مۇنتىزىم
مەكتەپ ئەمەس، ئېھتىمال، بەزى ئەپەندىلەر پالان ـ پا-
لانى ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلىرىنى كۆرسىتىپ، ئېتىراز
قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئېتىرازمۇ ھەقىقەت ئەمەس. بىر
مەكتەپكە پارتا، دوسكا كىرىشى بىلەنلا، ئۇسۇلى جەدىت
مەكتىپى بولۇپ قالامدۇ؟ مۇئەييەن پروگراممىا بىلەن تەلىم
ـ تەربىيە بېرىپ، بالىلارغا تۇرلۇك پەنلەردىن، مەئىشەت،
تارىختىن ئۆگىتىپ، قىسقىسى، ئۇلارنى دۇنيادا ياشاشقا
لاياقەتلىك كىشىلەردىن قىلىپ چىقىرىش لازىم بولسا،
ئۇنداق مەكتەپ بىزدە يوق. بۇنىڭدىن كېيىن بولۇشىدىن-
مۇ ئۈمىد يوق! چۈنكى بىزدىكى ئۇسۇلى جەدىت مەك-
تەپلىرىدە مۇئەييەن پروگراممىا يوق. ھەر بىر مۇئەللىم،
ھەر بىر موللا ئۆزى بىلگىنىنى ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن، بىر
ۋاقىت مەن ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىنىڭ بىرىدە ھەق
تۆلىنىدىغان مائارىپ بىلەن بىللە «جۇغراپىيە ئومۇمىيە»
كىتابىنى ئوقۇپ يۈرگەن بالىلارنى كۆردۈم. ئەمدى ئىن-
ساپ قىلىپ، بىر ئاز ئويلىساڭلار، ھەق تۆلىنىدىغان ما-
ئارىپتىكى بىر كىچىك بالا، قانداق قىلىپ «جۇغراپىيە
ئومۇمىيە»نى ئوقۇپ چۈشەنسۇن. بەلكى مۇئەللىم ئە-
پەندى ئۆزى ئوقۇپ چۈشىنەلەمدىكىن؟ پۈتكۈل تارانچى
دىيارىدا مۇنداق تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىملەر
بەش ـ ئون دانە تېپىلارمىكىن؟! ۋاللاھۇ ئەلەم، مۇنچى-
لىكمۇ يوق! مۇنداق تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەل-
لىملەرنى يېتىشتۈرۈشكە بىرەر چارە تېپىلامدىكىن؟ ئۆز
ۋاقىتلىرىدا تارانچى شۇئىسىدە چىققان «ئىلى ۋىلايىتى
گېزىتى» شۇنداق يازدى: بىر مىللەت تەرەققىيات ۋە
مەنئۇيەت ئالىمىگە قەدەم قويۇپ، ئىلىم ۋە مائارىپ ھا-
سىل قىلماق بولسا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىپتىدائىي مەكتەپ
مۇئەللىملىرى لازىم بولىدۇ. بۇ بىر قائىدىدۇر. ھەر بىر
مىللەتنىڭ ھاياتى، مالىيىسى، ئىلىم مائارىپى قانچىلىك
دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئىپتىدائىي مەكتەپنىڭ چوڭلىقى بە-
لەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر قايسىبىر مىللەتتە ئىپتىدائىي مەك-
تەپ مۇئەللىمى بولمىسا، ئۇ مىللەت ئىلىم ۋە مائارىپسىز،
نادان ھېسابلىنىدۇ. قايسى ئەل ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى
تەمىن قىلىنىپ، دۇنيادا ياشاشقا سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇ
مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي مۇئەللىمى كۆپ بولىدۇ ۋە ياخشى

بولدۇ. فرانسىيە ـ پرۇسسىيە سوقۇشىدا فرانسىيىنى پ-
رۇسسىيىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەمەس بەلكى ئىپتىدائىي مۇ-
ئەللىملىرى يەڭدى دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنى ياۋروپا پەي-
لاسوپلىرى ھەم تەستىقلىغان ئىكەن. دېمەك، بىر مىللەت-
نىڭ ئىپتىدائىي مۇئەللىملىرى بولمىسا، ئۇ مىللەت ئەسلا
تەرەققىي قىلمايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئىلى مۇسۇلمانلىرى
كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئىلىم ۋە مائارىپ، تەرەققىيات ۋە مە-
دەنىيەت يولىغا ئاياغ باسماقچى بولسا، ھەممىدىن ئاۋ-
ۋال ئىپتىدائىي مەكتەپ مۇئەللىملىرى كېرەك ۋە لازىم-
دۇر. لېكىن ھازىرمۇ بىزنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە تەلىم ـ
تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەردار، ئۇسۇلى جەدىتچە ئوقۇ-
تۇش تەرتىپىنى كۆرگەن مۇئەللىمىمىز بارمۇ؟ بىزلەر
ئويلاپ قارىساق، ۋاللاھۇ ئەلەم، بەش ـ ئون دانە بولمىسا
كېرەك. ئەمدى بىزلەرگە شۇنداق مۇئەللىملەرنى قەيەردىن
تېپىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇنداق مۇئەللىملەرنى بىر ئايدا
ياكى بىر يىلدا ھازىرلاشقا بولمايدۇ. كونا ئۇسۇلدىكى
مەدرىسلىرىمىزدىن چىققان تالىپلارمۇ ئۇسۇلى جەدىتچە
ئوقۇتۇشقا قادىر بولالمايدۇ. دۇرۇس، بىر مەھەللە ئىتتى-
پاقى بىلەن بىر ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىنى ئېچىش مۇم-
كىن، ئەمما ئۇنىڭغا تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەل-
لىمنى تاپماق كېرەك.

ئەمدى بىز بۇ توغرىدىكى ئاجىزغىنە پىكرىمىزنى با-
يان قىلىمىز. مەسىلەن، ھەر بىر يەردە ئاخۇنلار باشلىق
يۇرت چوڭلىرى بىرىكىپ، ئىتتىپاق بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدە
بىر دارىلمۇئەللىمىننى بىنا قىلسا، بۇ دارىلمۇئەللىمىن
ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئورتاق بولسا، ئەلۋەتتە مىللەتنىڭ
تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بولغان بولۇپ،
ئىستىقبالىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىسى چوڭ بولغان بولار
ئىدى.

ئەگەر ئاخۇنلار ۋە ئۇلۇغلار ماقۇل كۆرۈپ ھەقىقىي
تۇتۇش قىلسا، شۇ ۋاقىتتا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بو-
لامدۇ؟ پەقەت شارائىت، غەيرەت، ئىجتىھات كېرەك.
ھەي، ئاغىنىلەر، ئاتىلار، ھازىرمۇ مەملىكىتىمىزدە ھۆرد-
يەت بار، بىزلەرگە پەقەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىش قالدى.
ئەسلا غاپىل بولماسلىقىا تېگىشلىكمىز.

ئەگەردە جۇڭگودا باشلانغۇچ ئومۇمىي تەربىيە مەج-
بۇرىي يۈرگۈزۈلسە، بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ نىزاملىق
مەكتەپلىرىگە ئۆزىمىزدىن يارامىلىق مۇئەللىملەر قويۇش-
مىز لازىم ئەمەسمۇ؟ لازىم بولسا، بۇنى قەيەردىن تاپىمىز.
قىسقىسى، ئۇنداق مۇئەللىملەر نەدە؟ شۇنداقلا تەلىم ـ
تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىملەر رۇسىيە تاراد-
چىلىرىغا لازىم ئەمەسمىكىن؟ لازىم بولسا بۇلارنىڭ ئۇن-
داق مۇئەللىملىرى نەدە؟ شۇنداق بولسىمۇ، بۇلار بىزدىن
ئاللىقانچە ئارتۇقتۇر. ئەگەردە ياركەنتنىڭ يولداشېفنى
غەيرەتكە كەلتۈرسە، بۇنداق دارىلمۇئەللىمىننى ئوڭايلا
ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولار ئىدى. ئۆز مەدرىسىسىگە ئا-
لىي تەربىيە كۆرگەن، ئىسلام ۋە ياۋروپا ئالىملىرى بىلەن
دوستانە ئۆتەلەيدىغان بىر نەچچە مۇدەررىس ئالدۇرغان
بولار ئىدى. يەتتىسۇ تارانچىلىرىغا چاغلىق بىر دارىلمۇ-
ئەللىمىن ھەدىيە قىلاتتى. پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار-
نىڭ ھەر بىرى غوپۇر ھاجى بولمىقى شەرت. غۇلجىدىكى
مۇسابايوفلار، ھۇسەيىن باباشېفلار غەيرەت قىلسا، شۈبھە
يوق، مۇنداق بىر مەدرىسە ئەمەس بەلكى بىر نەچچە بىنا
سالدۇرغان بولار ئىدى. لېكىن مۇنداق مەدرىسە توغرۇ-
لۇق بۇلاردا ھازىرچە بىر تەشەببۇسمۇ كۆرۈنمەيدۇ.
شۇنداق بولسىمۇ، مىللەتنىڭ تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار
مۇئەللىملەرگە ئېھتىياجى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ تۇرىدى-
كەن، ئىشقىلىپ، بۇ ئىشقا پاسسىپلىق قىلماس دەپ ئۈمىد
قىلىمىز. بۇ مۆھتەرەم بوۋىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە
مىللەت يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ۋە خەيرىياتلىرى
ئۈمىدلىرىمىزنى ئاشۇرىدۇ. تەڭرى بۇلارنى تېخىمۇ
خەيرلىك ئىشلارغا دۇچ ئەيلىسۇن. شۇنداق دېدىم ۋە
ئۇنى يازدىم.

ئۇيغۇر بالىسى، غالجات، 1911 ـ يىلى «شۇرا»نىڭ
13 ـ سانى.

## تارانچىلارنىڭ ھاياتى

تارانچىلار ئومۇمەن مەدەنىي بولۇپ، ھەممىسى شە-
ھەر ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.
بۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىككى دەۋرگە بۆلۈنگەندەك،
يۇرتلىرىمۇ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى ئالتەشە-
ھەردىن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان يۇرتى. ئۇنىڭ كو-
چىلىرى غەيرىي مۇنتىزىم، ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى كې-
سەكتىن بىرلىرى ئېگىز، بىرلىرى پەس قىلىپ، قالايمىقان
سېلىنغان. كوچىلاردا ئەتىياز، باھاردا پاسكىنىلىق ھۆكۈم
سۈرگەنلىكتىن ھەر تۈرلۈك سېسىق پۇراقلار كۆتۈرۈلۈپ
تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر پەيدا
بولۇپ، ئاھالىنى قىينايدۇ. كېيىنكىلىرى بولسا غۇلجا
خانلىقى روسىيە دۆلىتىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن يەتتىسۇ
ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى يۇرتىدۇر. بۇلار-

نىڭ كوچىلىرى تەرتىپلىك، مۇنتىزىم ۋە تازا بولۇپ، ئى-
مارەتلەرنىڭ ئەتراپى باغلار بىلەن قورشالغانلىـقـتـىـن،
ئاۋۇالقىلارنىڭ ئەكسىچە، باھاردا خۇش پۇراق چېچىلـىـپ
تۇرىدۇ. مۇنداق يۇرتلارنىڭ بەزى ئىمارەتلىرى چىرايلىق
بولۇپ، كوچىغا قارىغان چوڭ-چوڭ دېرىزىلـىـرى بـار.
ئامما ئاۋۇالقىلاردا كوچىغا قارىغان دېرىزىلىرى ناھايىتى
ئاز، كۆپرەك دېرىزىلەر ھويلا ئىچىگە ئورۇنلاشقان. تا-
رانچى يېزىلىرى قىشنى بەك جىمجىت ئۆتكۈزىدۇ، ھېچبىر
ھەرىكەت يوق، ياشلىرى ئوقۇيدۇ. چوڭ كىشىلەر ئاپتاپقا
يىغىلىپ، بەسلىشىپ بەھۇزۇر كۈن ئۆتكۈزىدۇ. كېچـىـنى
بولسا ئۇلار ئومۇمىي ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا ئـوخـشـاش
مەشرەپ، نەغمە-ناۋا، ئويۇن-كۈلكە بىلەن ئۆتكـۈزىـدۇ.
ئۇششاق باللارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپكە ماڭىدۇ ۋە بەزد-
لىرى كۈننى ئوشۇق ئويناپ ئۆتكۈزىدۇ، باشقا ئىش يوق.
قىش بويى ھاياتى جىملىقتا بولغان تارانچى دۇنياسى مارت
ئېيى كىرىشى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، بال ھەرىسىـگـە
ئوخشاش تىنىمسىز غىجىلداپ، ئىش-ھەرىكەت باشلايدۇ.
بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا چەتتىن قارىغان كىشىلەرنى ھەيران
قالدۇرىدىغان بىر پائالىيەت كۆرۈنىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئى-
شىدا. بىرى ئىككىنچى بىلەن بەسلىشىپ سۆز قىلىش
تۇرماق، بۇرۇلۇپ قاراشقىمۇ ۋاقتى يوق. ھەر بىر تارانچى
ئېتىز تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، چامىسىنىڭ يەت-
كىنىچە تىرىشىدۇ. كۈننىڭ بىر سائىتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈز-
مەي، ئەكسىچە، بۇ بىر سائەت بەك قىممەت بـاھـاغـا
چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋىلىرىمىز كۈنلۈكتىن قالساڭ
يىللىقتىن قالىسەن، دېگەن ئىكەن. مانا بۇ ماقالالارنى
ئۇلار دەستۇر، ئەمەل قىلىپ تۇتقان، شۇ نىيەت بىلەن
ئارامكۈن كەچۈرىدۇ. لېكىن تارانچىلار دېھقانچىلىقتا ما-
ھىر، ئىخلاسلىق، تىرىشچان بولسىمۇ، قوللانغان دېھقان-
چىلىق جابدۇقلىرى بەك كونا بولـۇپ، ھـەزرىـتى
ئادەم زامانىدىن قالغان بۇغۇسا دېگەن بىر تۇرلۇك ياغاچ
ساپانلاردۇر. بۇ زامانلاردا مۇنداق جابدۇقلارنى قوللىنىش
قىيىن كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار ھۇنۇز يېڭى ئۇسۇلنى، دېھقان-
چىلىق جابدۇقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېتەلمىدى. شۇنداق
بولسىمۇ قوشنىلىرى خوخوللارنى كۆرۈشى بىلەن تېز-
دىن زامانىۋى جابدۇقلارنى ئېلىپ، ئىشلىتىشكە باشلاشنى
ئۈمىد قىلماقتا. تارانچىلار ئىلى ۋىلايىتى، يەتتىسۇ ۋىلا-
يىتىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدىكى يەرلىك خەلق ھېسابلى-
نىپ، بۇنىڭدىكى دېھقانچىلىق ئومۇمەن قولدا بولسىمۇ،
سودا-تىجارەت تەرەپتىن بۇلار چەتتىن كېلىپ تۇرغانلا-
ردىن ئارقىدا قالغان. چۈنكى تارانچىلاردا شىركەت بولۇپ
ئىش قىلىش تېخى ئادەت بولمىغانلىقتىن، تارانچى سودى-
گەرلىرى تارانچى دىيارىدىن چىقالمايتتى. ھامـان شـۇ
ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىچارىلەرنىڭ ملىڭ مۇشەققەتلەر
بىلەن ئاران قولغا كىرگۈزگەن ماللىرىنى ئەرزان باھا بى-
لەن، بايىقى چەتتىن كەلگەن قېرىنداشلارغا بېـرىـشـكـە
مەجبۇر بولاتتى. ئەمما چەتتىن كەلگەن نـوغـايـلار ۋە
سارتلار شىركەت بولۇپ ئىش قىلغانلىقتـىـن، بـۇلاردىن
ئالغان ماللىرىنى، ماكارىيا ۋە تۈمەن بازارلىرىغا ئاپىرىپ
ساتىدۇ. بۇ ساھەدە بۇلار سومغا سوم تاپاۋەت قىلىدۇ.
سارتلارمۇ شۇنداقلا ئەنجان، تاشكەنت بازارلىرىـغـا
يەتكۈزۈپ ساتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پارچە - پارچە مال
ساتقۇچىلار بىرلەشكەن چوڭ سودىگەرلەرگە بېقـىـنـدى
بولۇپ، ئۇلارغا ياللانمىچىلىق خىزمىتىنى ئىجرا ئېتىشكە
مەجبۇر بولىدۇ، باشقا چارىسى يوق. شۇنداق قىلىپ تا-
رانچىلار تىرىكچىلىك جەھەتتىمۇ غەيرىلەردىن ئارقـىـدا،
تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇراھاللىق ھېسابلىنىدۇ. خىراجەت ۋە
ئۆي - جاھازى تەرەپلىرىدە ئۇلار باشقىلاردىن ئـەسـلا
قېلىشماسلىققا تىرىشاتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئىسراپچاد-
راق بولۇپ، ئىقتىسادقا دېگەندەك رىئايە قىلالمايتتى.

تارانچى ئۆيلىرى ھەر تۈرلۈك جاھاز بىلەن جاھازلى-
نىدۇ ، پولدا كىگىز، پالاز، گىلەم، چۈشەكلىرى بار، ئۆز-
لىرى شۇ كۆرپىلەر ئۈستىدە پۇتلىرىنى قاتلاپ ئولتۇ-
رىدۇ. ئۈستەل، ئورۇندۇق ئوخشاشلار زادىلا ئـۇلارغـا
ئادەت بولمىغان. شۇنداقلا كىيىم-كېچەك جەھەتتە باش-
قىلاردىن قېلىشماسلىققا تىرىشىدۇ.

بۇرۇنقى زامانلاردا بۇلاردا ئەھۋال باشقىچە بول-
غان. قەشقەر بۆزىدىن ئورتىچە كۆڭلەك، كەڭ ئىشتان،
ئوشۇققىچە ئۇزۇن چاپان، بېشىغا قارا ئەلتىرىدىن كى-
چىككىنە تۇماق ئوخشاش تۆپە، پۇتىغا كۆندىن تىكىل-
گەن ئۆتۈك، كەشە كىيگەن. بىراق، بۇلار ھازىر
باشقىچىلا بولۇپ كەتكەن. پۇتىدا بولسا شىگىرىن ئۆ-
تۈك، ئامېرىكا كەشە، بېشىدا كەمچەت تۆپە ھەم رې-
زىنكە كالاش بار. ئۈستىدە لامبۇكتـىـن چـاپـان،
ئىشتان، كۆڭلەكلىرى ھەر تۈرلۈك نەپىس، يـۇمـشـاق
ماتېرىياللاردىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا خوتۇن-قىزلىرىمۇ
چىت ياكى يۇڭ ماتېرىياللاردىن ئۇزۇن كۆڭلەك، بۇنىڭ
سىرتىغا بايلىرى پىلاش، ئوتتۇرا ھاللىقلىرى لەستۈكتىن
پەشمەت كىيىدۇ، باشلىرىغا شال، رومال سالىدۇ. تارانچى
خوتۇن-قىزلىرى ئەزەلدىن يېزىلاردا يۈزى ئـوچـۇق،

پەرەنجىسىز يۈرىدۇ. بۇنىڭغا ھېچبىر تارانچى ناچار كۆز
بىلەن قارىمايدۇ. تارانچى خوتۇنلىرى ھەممە ۋاقىت ئو-
چۇق، مۇلايىم ۋە ياۋاش بولىدۇ. ھەر قانداق ئىش-ھە-
رىكەتلەردە ئەرلىرىگە ئۆمۈرلۈك يولداشلىق ۋەزىپىسىنى
ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاياللار ئۆي ئىشى،
بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا ئەسلا كەمچىلىك قىلمايدۇ.
لېكىن تارانچىلاردا بۇرۇندىن تارتىپ قىزلارنى ئوقۇتۇش
ئادىتى بولمىغانلىقتىن، تارانچى خوتۇنلىرى ھەققىي تەر-
بىيە ئۇسۇلى ۋە ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىدىن خە-
ۋەردار ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، تارانچى ئائىلىلىرى-
دە باللار تەربىيىسى بىر ئاز ناچار. بۇنىڭ ئۈستىگە خو-
تۇن-قىزلار دۇنياسىدا ھەم خۇراپاتقا ئىشىنىش ناھايىتى
كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھەر تۈرلۈك ئاغرىق-سىلاقلارنى
مۇتلەق جادۇ، سېھىر ۋە جىن-شەيتانلاردىن كۆرىدۇ.
داۋالاشلىرى ئىرىم-جىرىم، ئۇشكۇرۇك-تۈكۈرۈكلەردىن
ئىبارەت بولۇپ، بىچارە ئاغرىقلارنى ۋاقىتسىز قەبرىگە
يوللايدۇ، ياكى تېخىمۇ ئاغرىقچان قىلىپ، ئىشتىن چە-
قىرىدۇ. تارانچىلار ئارىسىدا دوختۇرلار بولمىغانلىقتىن،
ئاددىي ئاغرىقلاردىن باشقا، تۈرلۈك يۇقۇملۇق ئاغرىق-
لارمۇ پەۋقۇلئاددە جىق بولىدۇ. مەسىلەن، 1910-يىلى
تارانچى يېزىسىنىڭ بىرسىدە بولغان يۇقۇملۇق ئاغرىق
توغرىسىدا «ۋاقىت»نىڭ 614-سانىدا شۇنداق يېزىل-
غان: ياركەنت ناھىيىسىنىڭ غالجات يېزىسىدا ئۆتكەن
يىلى چېچەك ئاغرىقى پەيدا بولۇپ، كۆنىگە تۆت-بەش
بالىنى قەبرىگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ يىل قىزىل ئاغ-
رىقى پەيدا بولۇپ، بىر ئاي ئىچىدە 90 بالا ۋاپات بول-
غان. غالجات ئەتراپىدىكى قىرغىز ئائىلىلىرىدە چېچەك
ئاغرىقى تارقىلىشقا باشلىغان. ئۆلۈم كۆپ بولۇپ، 30
ياشتىن يۇقىرى كىشىلەردىنمۇ بىر نەچچىسى ئۆلگەن.
مۇشۇ ئەسىردە مەدەنىي مەملىكەتلەردە چېچەك ئاغرىقى
تۆپ يىلتىزىدىن يوقالغان ۋە ئۇلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەن
ئاغرىق. بىزدە كىشىلەرنىڭ ئىككىدىن بىرى شۇنىڭدىن
ئۆلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن بىزنىڭ ئارىمىزدا يۇقۇملۇق ئاغ-
رىقنىڭ قانچىلىك مۇدھىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا كې-
رەك. يەنە تارانچىلاردا ئاغرىقلارغا پېرە ئوينىتىش ئادىتى
بار. پېرە ئويۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاغرىق ياتقان
ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۇغ قاداپ، ئاغرىق تۇغنى
چۆرگىلەپ ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىن باخشى-
نىڭ ئاغىنلىرى داپ-دۇمباقلارنى چېلىپ ئاۋۇيدۇ.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باخشى ئۇزۇن كۆڭلەكنى كوركە قىلىپ
پىرقىراپ، چۆرگىلەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا بى-
چارە ئاغرىقنى ياغاچ خەنجەر بىلەن خەنجەرلەپ تاشلاي-
دۇ. تارانچىلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، بۇ باخشىلار جىنلار
بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇلار جىنلارنى ھەيدەپ تاشلار-
مىش. ئاغرىقلار شۇنىڭدىن كېيىن ساقىيىشقا باشلار-
مىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، رۇسلار بۇلارنى
شەيتان دوختۇر دەيدۇ. لېكىن موللىلارمۇ ئۇلاردىن
قېلىشماسلىققا تىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە
جىنلارنى ئۇنداق ئوينىتىپ ئەمەس، بەلكى ئوقۇپلا قوغ-
لاپ چىقىرىش مۇمكىن. بۇنداق ئوقۇش ئاشۇنداق جا-
دۇ-سېھىرلەرنى قايتۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن رەد كۆر-
دۇم، باتىل كۆردۇملەرنى قايتۇرۇپ-قايتۇرۇپ ئوقۇپ
بەك شىپالىق مىكروبلارغا تولغان تۈكۈرۈكلىرىنى بىر قا-
چىغا تۈكۈرۈپ-تۈكۈرۈپ، ئاندىن بۇ شىپالىق سۇ بىلەن
بىچارە ئاغرىقلارنى چۆمۈلدۈرىدۇ. ئېيتىشىچە، بۇ چارە
شۇ دەقىقىدىلا بەك يېنىكلىك بېرەرمىش. شۇنىڭ بىلەن
ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئاپىرىن موللىلارغا! تارانچى
موللىلىرىمۇ بۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە ئىستىبداتلىق بولغانلىقتىن
بۇندىن باشقا كەسىپ ئەھلىلىرى كەسىپلىرىدىن توختاشقا
مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، 1905-يىلدىن ئىلگىرى تاران-
چى دىيارىدا ئىشانلىق ئادەتتىن تاشقىرى شۆھرەت
قازىنىپ، بۇ يەردە ئىشانلار چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.
بۇلار ئىوز مەيدانلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مازار-
لارنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى خۇدا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى
ۋاستە دەپ، يەنى پىر پىرغا يەتكۈزەر، پىر خۇداغا دەپ
تەلىم بەرگەن. شۇ سەۋەبلىك، تارانچى ئاكىلار پىرلىرى
بولغان ئىشانلارغا مەھكەم يېپىشقان ۋە ئۇلار ئۆز نە-
زەرلىرىدە پىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جەننەتكە كىرمەك-
چى بولغان. بۇنى كۆرۈش بىلەن بىزنىڭ موللىلارمۇ
تىنچ تۇرمىغان. ھامان ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئېلان
ئەتكەن. دېمەك، بۇلار بىلەن ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا تالا-
ش-تارتىش باشلانغان. لېكىن ھەر ئىككىسى ئىشانلىق
پەردىسى ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا مۇناسىپ
ئادەملەر ھەر قاچان شەيخلىرى ھەققىدە تۈرلۈك كارا-
مەتلىك خەۋەرلەرنى ئىختىرا ئېتىپ تۇرغان. بۇ ۋاقىتلاردا
مازارلارغا بەك يىراق يەرلەردىن سەپەر ئازابىنى چېكىپ،
قۇربانلىقلار ئەكېلىپ سويغۇچىلارنىڭ بولغىنىغا ئوخ-
شاش، ئىشانلارغا نەزىر-سەدىقە ئاپىرىپ، خەيرى-پاتىھە-
لىرىنى ئالغۇچىلار كۆپ بولغان.

ئۇ زامانلاردا، ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئېلان

uyghurkitap.com



قىلغۇچىلار ئارىسىدا نوغايلاردىن ئابدۇراخمان مۇھەممەت، تارانچىلاردىن نىزامىدىن ئاخۇنۇملارغا ئوخشاش پازىل زاتلارمۇ بولغان. لېكىن بۇ ئىشانلىق 1905 ـ يىلىدىن كېيىن تارانچىلار ئارىسىدا مودىدىن قالدى.

ھەر قانداق ئالىم بولسىمۇ، ئىشانلىق نامىنى ئالغانلارغا ئادەملەر بىر تۈرلۈك گۇمان بىلەن قاراشقا باشلىدى. چۈنكى روسىيە ئۇيغۇرلىرىدا مەتبۇئات تەرەققىي ئېتىپ، تۈرلۈك گېزىتلەر چىققاندىن كېيىن، تارانچىلاردىمۇ گېزىت ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇلار مەتبۇئات ئارقىلىق پىكىرلىرى ئېچىلىپ، ئەتراپ ئالەمدىن خەۋەردار بولۇشقا باشلىدى. شۇئالاشقىمىكىن، بۇلار ئۆزلىرىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي كەمچىلىكلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بۇلار ئىشلىرىنى زامانغا لايىق ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى. بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار بولسا ئۇنى تەنقىد قىلىدىغان بولدى. ياشلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى چوڭلارغا خۇش ياقمىدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشتىمۇ، ياكى ئۇلارچە مېڭىشنى خالىمىغانلىقتىنمۇ ئىشقىلىپ نېمىگىدۇر ئىككى ئارىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ياشلار ئۆزلىرىگە قارشى تۇرغانلارنى گېزىتكە يېزىپ، تەنقىد قىلدى. قېرىلار بۇلارغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ قارشى تۇرماق بولدى. ياشلار ئارىسىدا بەزى ياش ئالىملار بولسىمۇ، ئاھالىگە سۆزلىرى ئۆتمىدى، قېرىلار ئەكسىچە نوپۇزلۇق ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، ياشلارغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇلارنىڭ قارشىلىقىنى كۆرگەنسېرى، ياشلارنىڭ پىكىرداشلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ توغرۇلۇق ياش ئالىملاردىن بەزىلىرى قاتتىق ئازاب چېكىپ قالدى. تۈرلۈك قىيىنلىشلارغا گىرىپتار بولدى. ئاخىرىدا بۇلارمۇ سۇسلاشتى. ئاۋۋال قېرىلار ياشلارنى كالتە چاپان دەپ كەمسىتەتتى. كېيىن ئىسلاھات تەرەپدارلىرىنى ئاھالە چۈشىنىپ، كالتە چاپانلارنى ياقلايدىغان بولدى. كالتە چاپان سۆزى ئاۋۋال سەلبىي مەنا ۋە ياشلارنى كەمسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا، كېيىن ماختاش ئورنىدا قوللىنىدىغان بولدى. ھەيران قالارلىق بىر ھال، قىزىق ئىكەن زامان. بۇ ئەھۋال ھازىرمۇ تارانچىلار ئارىسىدا بار ۋە مىللىي مەتبۇئات بىلەن خۇشتار يىگىتلەر ۋە ياشلار كۆپ بولۇپ، بۇ كېيىنكى زامان ھادىسلىرى سەۋەبىدىن گېزىت ئوقۇغۇچىلار سانى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، تەرەققىي ئەتمەكتە.

ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ گېزىت ـ ژۇرناللار «ۋاقىت»، «تەرجىمان»، «يۇلتۇز»، «شۇرا». بۇلارنىڭ مۇشتەرىلىرى جىق. ئەمدى «ئايال» ژۇرنىلىنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. تارانچىلار ئارىسىدا ئۇسۇلى جەدىت ھېچ قارشىلىقسىز لا قوبۇل قىلىنىپ، كونا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىر چوڭ قۇسۇرلىرى بولۇپ، ئوچۇق، مۇھىم، ئۇلۇغ، مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە، مۇنتىزىم ھالدا ئەمەس. بۇ قۇسۇرلارنىڭ بىر قىسمى خۇسۇسەن ماددىي جەھەتتىن ئاھالىدا بولسىمۇ، كۆپ قىسمى مەكتەپلەردىدۇر، بۇلار تەلىم بېرىش ئۇسۇلىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈستىگە، بەك مۇتەئەسسىپ.

تارانچىلاردا دېھقانچىلىقتىن باشقا ھۈنەرۋەن ۋە كاسىپلار كەم بولىدۇ. تارانچىلار مېھماندوست خەلقتۇر. باشقا نەسىل، مىللەتتىن بولسىمۇ، مېھماننى مېھمان بولغىنى ئۈچۈنلا ئوچۇق چىراي ۋە يېقىملىق مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىپ، بەك قەدىرلەپ، چامىسىنىڭ يېتىشچە ئىززەتلەيدۇ. بۇلاردا ئەڭ قەدىرلىك ئاش پولۇ بولغانلىقتىن گادايلىرىمۇ مېھمانغا پولۇ تەييارلايدۇ. ھەممە نەرسىنى قىلىپ، مېھماننى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. تارانچىلاردا مانجۇلار زامانىسىدا ئىچىملىك ئىچىش مەلۇم بولسىمۇ، ھازىرمۇ ھېچبىر تارانچى ئىچمەيدۇ، لېكىن ناس تارتىدۇ، تاماكا چېكىش مەلۇمدۇر. خوتۇن-قىزلاردا ئۇنداق ئەھۋاللار ئەسلا يوقتۇر. تارانچىلاردا بۇرۇن كۆپ خوتۇن ئېلىش ئادەت بولمىسىمۇ، بۇنى قازاق ـ قىرغىزلاردىن كۆرۈپ، ئادەت قىلىپ بارماقتا. تارانچى باللىرىنى نابايىتى ياش، ھەتتا 13 ـ 14 ياشلاردىلا ئۆيلەندۈرىدۇ، ئوغۇل-قىزلارنىڭ رازىلىقى ۋە مەسلىھەتلىرىگە ئېتىبار قىلمايدۇ. قۇدىلارنىڭ بىر بىرىگە كۆڭلى توغرا كەلسە ئىشنى ئۆزلىرى ھەل قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ھەر قاچان تالاش-تارتىشلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ. تارانچىلار ئويۇن ـ كۈلكە تاماشىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە توي كۈنلىرىدە ئوغلاق، ئات بەيگىسى ئوخشاش مىللىي ئويۇنلار قىزغىن ھالەتتە ئىجرا ئېتىلىدۇ. ياز چىقىشى بىلەن تارانچى يۇرتلىرىدا بۆكە باتۇر چېلىشى باشلىنىپ، ھەر كۈنى ياشلار ۋە قېرىلار چېلىش مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. لېكىن بۇ چېلىشلار بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى جانلىق سۈرئەتتە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ كۈنلەردە ئازىيىپ، يوقىلىپ كېتىپ بارىدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى رەسىم-قائىدىلەردىن، ئادەتلەردىن بىر تالىيى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ بارىدۇ. مەسىلەن، بۇلاردىن بىرى يېڭى يىلنى، نورۇز

مەيرىمنى قارشى ئېلىش ئىدى. ھەممە ئۈچۈن ئۇنىڭدا
يېڭى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈمىدى بولغانلىقتىن،
ئومۇمي ئاھالە خوتۇن-قىزلار بىر مەيدانغا يىغىلىپ، بۇ
يىلنىڭ ھەممە ئۈچۈن قۇتلۇق يىل بولۇشىنى تىلەيتتى.
پۈتكۈل ئاھالە تەرىپىدىن بايرامغا مۇناسىپ مىللىي ئو-
يۇنلار ئوينىلاتتى. مولىلارمۇ ئۇنىڭغا شوخ-شادلىق بى-
لەن ئىشتىراك قىلاتتى. ئايالىلار ئىشتىراك قىلسا ھەرگىز
يىتنە، ھۇجۇم قىلىنمايتتى ۋە ئۇلارنى ئىشتىراك قىلىشتىن
مەنئى قىلىشمايتتى. لېكىن ھازىرقى زاماندا مۇنداق ئو-
يۇنلارنى مولىلار مەنئى قىلماقتا.

### خوتۇن-قىزلار تەربىيىسى ھەققىدە

تارانچى خەلقى بۇرۇنقى زامانلاردا خوتۇن-قىزلار
تەربىيىسىگە تولا ئەھمىيەت بەرمىگەن. خوتۇن-قىزلاردا
ئوقۇتۇش، ئوقۇش مۇتلەق بولمىغان دېسەك يالغان بول-
ماس. بۇنىڭ سەۋەبى، ئوقۇغان مولىلارنىڭ تۇرمۇشتا
ئىشقا يارىمىغانلىقى بولۇپ چىقىدۇ. ئوقۇغان ئادەملەر
بولسا تەييارتاپ بولۇپ، كىشىنىڭ قولىغا قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن، ئوقۇغان ئادەملەر مۇنداق تەييارتاپ بولۇپ، كى-
شىنىڭ قولىغا قالىدىغان ئىش بولسا، خوتۇن-قىزلارنى
ئوقۇتۇشتا نېمە پايدا بار، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن
دەپ ئويلايمەن. چۈنكى تارانچىلاردا بۇ توغرىسىدا تۇر-
مۇشتىن ئېلىنىپ ئېيتىلغان ماقالالار تولا. مەسىلەن: موللا
كىشى يېرىم كىشى، موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى
قىلما دېيىلىدۇ، يەنى موللا ئۆز دېگىنىگە ئۆزى ئەمەل
قىلماس، چۈنكى تۇرمۇش ئەنە شۇنىڭغا مەجبۇر ئېتىدۇ.

دېمەك، ئوقۇغان ئادەملەر يېرىم بولسا، تۇرمۇشتا
ئىشقا يارىمىسا، قورساق تويغۇزماق ئۈچۈن بىلىپ تۇ-
رۇپ، ۋىجدان سېتىپ كۈن كۆرسە، قانداق قىلىپ خەلق
بۇلارنى ئەگەشسۇن، باللىرىنى ئوقۇتسۇن! شۇنىڭ ئۈ-
چۈن تارانچى خەلقى ئەرلەر مۇنداق بولغاندا، خوتۇنلار
نېمە بولماقچى دەپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش تەربىيىسىگە
ئەھمىيەت بەرمىگەن. يالغۇز ئىمان شەرتى بىلەن ناماز
يوللىرىنى يادلىتىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. لېكىن تارانچى
خوتۇن-قىزلىرى ئوقۇمىسىمۇ تۇرمۇش مەيدانىدا غايەت
چوڭ ئورۇن تۇتقان. مەلۇمدۇركى، تارانچىلار پۈتكۈل
ئۆمرىنى ئالۋان ـ ياساق يولىدا كەچۈرگەن. شۇ قارا
كۈنلەردە پۈتۈن ئائىلىنى باشقۇرۇپ، تەربىيە قىلىپ تۇر-
غۇچى خوتۇنلار بولغان، ئۇلار قوش ھەيدىگەن، ئورما
ئورۇغان، خامان تەپكەن، ئاشلىق ئالغان. ئىشقىلىپ، پۈ-
تۈن ئائىلىنىڭ تەقدىرى خوتۇنلار قولىدا ئىكەن. بۇ ۋا-
قىتلاردا ئەرلەر خوتۇنلار بىلەن بىللە ياشىغان. توي-تۆ-
كۈن، مەيرەملەردە ھەممىسى بىر مەيدانغا يىغىلىپ، بىللە
ئويناپ، بىللە كۈلۈپ، ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىدە
ئۈمىدلەندۇرۇپ، شادلاندۇرۇپ، ھايات، تۇرمۇشنىڭ ئې-
غىرلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشقان. شۇنداق قىلىپ، بۇلار
مۇنداق كاتتا يىغىلىشلارنى شادلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.
تارانچى خەلقىنىڭ مۇنداق شادلىق بايراملىرىدىن بىرى
ھەمەل پەسلىدە بولىدىغان نورۇز مەيرىمىدۇر. نورۇز
بايرىمى مۇنداق بولىدۇ. نورۇز كۈنى پۈتكۈل خەلق بىر
مەيدانغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭدا بايرامغا مۇناسىپ مىللىي ئو-
يۇنلار ئوينىلىپ، يېڭى يىلنىڭ بارچە ئۈچۈن قۇتلۇق
بولۇشىغا تىلەكلەر تىلىنىدۇ. يۇنلەر سېلىنىپ (ياغ پۇرد-
تىلىپ؟)، گۆلەڭگۆچلەر ئۈچۈرۈلىدۇ. مەجلىستە ئەرلەر،
ئوغۇللار، خوتۇنلار، قىزلار بىر بىرىگە يېقىملىق ناخشىلار
بىلەن خىتاپلار قىلىپ، پوتىلار سېلىشىدۇ. مۇنداق قو-
شاقلاردىن بىرىنى نەمۇنە ئۈچۈن كەلتۈرىمىز.

قارلىغاچ قاناتىنى سىرجۇغا سىلاتىدۇ،
مەككىدىن كەلگەن يىگىتنى ئورداغا چىرلاتىدۇ.

مەككىدىن كەلگەن يىگىتنىڭ تونى بار، ئىمچىسى يوق،
باشىڭىزغا گۈل قىسىپسىز بەرگى بار، غۇنچەسى يوق.

گۈلنى قىسساڭ تازا قىس، بەرگىدە غۇنچە قالمىسۇن،
يارنى سۆيسەڭ تازا سۆي، كۆڭلىدە ئارمان قالمىسۇن.

بىزنىڭ بۇ يازغانلىرىمىز مۇندىن ئاتمىش-يەتمىش
يىل بالدۇرقى تارانچى تۇرمۇشىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنرەك
بۇ تۇرمۇش ئۆزگىرىشكە ئۇچرىدى. ئىلى تارانچىلارغا
ئۆتۈپ، ئاندىن ئورۇسقا ئۆتكەندىن كېيىن تۇرمۇش تې-
خىمۇ ئۆزگەردى. قىشلاق خوتۇنلىرى بالدۇرقىدەك ئەر-
لەرگە ئۆمۈر يولىدا يولداشلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ھايات
يولىدا ئىككىسى بىللە ئىشلەپ كەلسىمۇ، شەھەر خوتۇن-
لىرى سارت (ئۆزبېك) قېرىنداشلىرىمىزدىن ئۆگىنىپ
ئۆي ئىچىگە سولىنىپ، ئەرلەرگە يولداشلىق خۇسۇسىيە-
تىنى يوقاتتى. ئەرلەر بۇ مەزلۇمە خوتۇنلارغا بالدۇرقى
چىن نەزەرىنى يوقىتىپ بايلىقى بىلەن باققانلىقتىن، بۇ-
لارنى شۇنداق سولاپ تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆردى. دېمەك،
شۇ كۈندىن باشلاپ، تارانچىلارنىڭ يېرىم مۆچىسىگە

MIRAS

شامال دارىپ، پالەچ كېسىلىگە يولۇقتى. تارانچىلارنىڭ خوتۇن-قىزلار توغرىسىدا ئۈلگە ئالغان خەلقى سارت قېرىنداشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا بۇلارنى ئوقۇتمىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە قازاق قېرىنداشلىرىمىزدىن ئۆگىنىپ ئىككى خوتۇن ئېلىش ئادىتى پەيدا بولدى.

تارانچى خەلقىدە ئىككى خوتۇن بىلەن تۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن تۇرمۇشلىرىمۇ ئاساسەن ئۆزگەردى. ئىلگىرىكى ئائىلە سائادىتى، ئەر-خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە ئىشەنچىسى تامامەن تۈگىدى. بۇ نىجىس كېسەل نەدىن پەيدا بولدى. تارانچى خەلقى بۇرۇنقى زامانلاردا 18 _ 20 ياشقا يەتكۈزۈپ بالا ئۆيلەندۈرەتتى. ئەمما كېيىنكى چاغلاردا 13 _ 14ياشلىق بالىلارنى ئۆيلەندۈرۈشكە باشلىدى. مۇنداق ياش ئۆيلەنگۈچىلەر ئارىسىدا تەبىئىي مۇھەببەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن ئەر-خوتۇننىڭ ئاجرىشىپ، ئائىلە بۇزۇلۇپ تۇرۇشى تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ قالدى.

تەبىئىيكى مۇنداق ئاجرىششلارنىڭ تولاراقى ئەرلەر تەرىپىدىن بولدى. خوتۇن-قىزلاردا ھەم خۇراپاتقا ئىشىنىش كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئەرلەرنىڭ مۇھەببەتسىزلىكىنى جادۇ، سېھىر، سۆيدۇرگۈچى، بەزدۇرگۈچىلەردىن كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلىرى ئەرلىرىنى ئۆزلىرىگە قاراتماقچى بولۇپ، تۈرلۈك چارىلەرگە كىرىپ، جادۇگەر، قەسسىنخان، موللىلارغا تاپقان ماللىرىنى بېرىپ، ئاخىرىدا شۇ يولدا قۇربان بولغانلار بولغان.

بۇ يازغانلىرىمىز بۇنىڭدىن 15 يىل بالدۇرقى ئەھۋاللارنى بىلدۈرىدۇ. 1905 _ يىلدىن كېيىن تارانچى ياشلىرىغا بىر ئۇقۇم كىرىپ، كۆزلىرى ئېچىلىپ، يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئەر بالىلارغا ئوخشاش قىز بالىلىرىنىمۇ ئوقۇتۇش ھەققىدە پىكىرلەر مەيدانغا چىقتى. بۇ توغرىدا تارانچى ياشلىرى دېگۈدەك ھەرىكەتتە بولۇندى. ھەر يەردە قىزلار مەكتىپى ئېچىلىپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا خوتۇنلار ئىلگىرىكىدەك ئۆيدىكىسى ئۆيدە قامىلىپ، ھەر يەردىكىلەر يەنە ئەرلەرگە يولداشلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كەلدى. خوتۇنلاردىنمۇ خوتۇن-قىزلار تائىپىسىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن قايغۇرغىدەك زاتلار يېتىشىشكە باشلىدى. بۇ تۈرلۈك مەلۇماتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن ئانىلارنىڭ مەيدانغا چىقىپ ئىشلىشىگە ئىمكانىيەت يار بەرمەيتتى.

1917 _ يىلىنىڭ فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاياللارنىڭ مەيدانغا چىقىپ ئىشلىشىگە يول ئېچىلدى. خوتۇن-قىزلار ھوقۇقتا ئەرلەر بىلەن تەكشى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ئىنقىلابنى شەھەر خانىملىرى قارشى ئالغاندۇ، بىلمەيمەن، لېكىن قىشلاق خوتۇنلىرى تولا خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۆزۈم تۇرغان غالجات ۋە كەتمەن قىشلاقلىرىدا ھۆرىيەت بايراملىرىدا ئەرلەردىن خوتۇنلار نۇرغۇنىراق بولدى. سايلام كۈنلىرىدە، سايلام مەجلىسلىرىدە يەنە خوتۇنلار تولاراق ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تارانچى خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ياشاش غەيرىتىگە ئىمانىم ئارتقان ئىدى.

خوتۇن-قىزلار ياشىسا خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ياشايدىغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنداق بىر ئەھۋالدا ئۇيغۇر خەلقى 18-يىلىنىڭ ۋەقەسىگە ئۇچرىدى. بۇ ئېغىر ئەھۋالنىڭ يامان تەسىرى بىلەن تارانچى خوتۇن-قىزلىرى بىر ئاز سۇسلىشىپ قالدى. چۈنكى شۇ يىل ئىچىدە بۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىشلىگەن ئىشلىرى بارلىقىنى بىلەلمىدىم. دۇرۇس، شەھەرلەردە تارانچى خانىملىرى خوتۇنلار بۆلۈمىدە ئىشلەپ تۇرغان ئىكەن، بەزى يەرلەردە خانىم-قىزلار كېڭىشى بار ئىكەن. بىر نەچچە قىزىمىز تاشكەنت تۈرك- تاتار بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش تۈگىتىدۇ. بۇ سانالغان ئىشلار بالدۇرقى زامانغا قارىغاندا چوڭ كۆرۈنسىمۇ، ھازىرقى زامانغا قارىغاندا ھېچ نەرسە ئەمەس دەيمەن. چۈنكى ھازىر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بولغاچقا، بۇ ئىشلار ماڭا كىچىككىنە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تارانچىلارنىڭ ھەر يەردە دېگۈدەك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە ئېچىلغان مەكتەپلىرىدە چوڭلار ئوقۇۋاتىدۇ. ئەمما شۇ يەرلەردە خانىملار بىر ياقتا تۇرسۇن، قىزلار مەكتىپىمۇ يوق. بۇ قانداق ئىش؟ ھەتتا ياركەنت شەھىرىدە تارانچى خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئوقۇشى تەخمىن قىلىنغان ھالدا غالجاتتىن كەلگەن ئىككى دەردمەن خانىم مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتماقچى بولۇپ قالدى. بۇلار ئۆزىمۇ مەلۇماتسىز بولغانلىقتىن ئوقۇشقا كەلگەن ئىدى.

تارانچىلاردا خوتۇن - قىزلارنىڭ ھالى مۇشۇنداق. ماڭغاندا، بىزنىڭ يولداشلىرىمىزدىن ئاجراپ، كېيىن قېلىشىمىز، ئېھتىمال. بىزنىڭ يولداشلىرىمىزدىن قالماسلىقىمىز ئۈچۈن خانىملارنى ئاقارتىش يولىدا جىددىي ھەرىكەتتە

بولۇشىمىز لازىم دەپ بىلۇرمىز. يۇرۇڭلار، خانىملار، بىرگە ماڭايلى!

### ئالتەشەھەر، جوڭغارىيە ۋە ئىنگلىزلار

ئۈچ يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا گراژدانلار سوقۇشى تۈگەپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش يولغا سېلىنماقتا. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىگىلىكى ۋە سودىسى خېلى ئالغا باستى. بىراق ئالتەشەھەر ھەم غۇلجىنىڭ بايلىق ۋە سودىسىنىڭ ئىلگىرى ماڭغانلىقى سېزىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئالتەشەھەر ۋە غۇلجىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شۇ كەمگىچە توغرا بىر سودا مۇناسىۋىتى ئورناتمىغانلىقىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇ ئىككى مەملىكەتنىڭ خەلقى – دېھقان ۋە كاسىپلىرى بىر – بىرىگە شۇنچە دۇشمەنمۇ؟ ياكى بۇنىڭغا چەت كۈچلەر ئەيىبلىكمۇ؟ ئىككى ئارىدا سودا مۇناسىۋىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى كىم ئۈچۈن پايدا، كىم ئۈچۈن زەرەر؟

مانا بۇ سوئاللارغا ئوچۇق جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، بۇ مەملىكەتنىڭ قىسقىغىنە تارىخىغا كۆز سېلىپ ئۆتۈش لازىم.

ئىنگلىز جاھانگىرلىكىنىڭ جان تومۇرى ھىندىستاندا ئىكەنلىكىنى ھەر كىم، خۇسۇسەن ئىنگلىزلارنىڭ ئۆزلىرى تولا ئوبدان بىلىدۇ. ئىنگلىزلارغا قارشى كۈرەش قىلغان ھەر بىر ھۆكۈمەت كۆزىنى ھىندىستانغا تىكىپ، قولىنى ھىندىستانغا سوزۇپ كەلدى. فرانسىيە – ئەنگلىيە سوقۇشى (ناپولېئون دەۋرىدە)، گېرمانىيە ئەنگلىيە رىقابىتى، كونا روسىينىڭ شەرققە قاراپ زورىيىشى ھەممىسى ھىندىستاننى قولغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىزلار ھىندىستاننى ساقلاش ئۈچۈن پۈتكۈل كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ھىندىستان يوللىرىنى قورۇقلۇقتىن ھەم سۇدىن توساشقا تىرىشتى.

روسىيە: ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالغاندا ئەنگلىيە ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، كاپكاز ئارىسىدا مۇستەقىل ۋە يېرىم ھوقۇقلۇق مۇستەملىكىلەر تۈزۈپ (ئىران، بولۇجىستان، ئافغانىستان، ئالتەشەھەر، تىبەتلەردە ئۆز نوپۇزىنى ئورناشتۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن ئالتەشەھەر ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە يوللىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن كۆپرەك روسىيىگە يېقىن، ئىقتىسادى ۋە سودىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن باغلانغان.

ئاسىيا خەرىتىسىگە بىر كۆز سالساق، ئوپئوچۇق كۆرۈمىزكى، ئالتەشەھەر بىلەن ھىندىستان ئارىسى ئۆتۈش تەس تاغلار (ھىمالايا، تىبەت) ۋە سۇسىز چۆللەر (تەكلىماكان) بىلەن ئايرىلغان. ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندە يېرىم تاغلار، تەكشى جايلار، خۇسۇسەن ھارۋا يوللىرى، ئاندىن كېيىن پەرغانە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىر تۆمۈر يوللىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئالتەشەھەرنىڭ خام ماللىرىنى پەقەت روسىيە چىقىرالايدۇ، پەقەت روسىيە يوللىرى ئالتەشەھەر سودىسىنى چەت بىلەن باغلايدۇ. ئەمما باشقا مەملىكەتلەر (جوڭگو، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە باشقىلار) يولنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبلىك خام ماللارنىڭ (يۇڭ، تېرە، تىۋىت) يول كىراسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. مەسىلەن، 1890 – يىلى ئۈرۈمچىدىن موسكۋاغا كىرا ھەققى بىر پۇتقا 2 سوم 10 تىيىن، ئۈرۈمچىدىن شاڭخەيگە 4 سوم 80 تىيىن تۆلىنەتتى. ئۈرۈمچى – موسكۋا ئارىسى بىر يېرىم ئايلىق يول بولسا، ئۈرۈمچى – شاڭخەي يولى 8 –7 ئايلىق يول ئىدى.

يۇڭ – تېرە، تۇرپان – قەشقەر پاختىسى يول كىراسىنىڭ باھاسىنى كۆتۈرەلمەيتتى. ئالتەشەھەرنىڭ بارچە قول سانائىتى مەھسۇلاتىنىڭ (ماتا، چەكمەن، گىلەم ۋە باشقىنىڭ) تەرەققىياتى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇراتتى.

كېيىنكى يىللاردا ياۋروپا سوقۇشىغىچە ئالتەشەھەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى چىنىنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا روسىيە بىلەن كۆپرەك ئىدى. ئالتەشەھەر سودا مۇناسىۋىتىنىڭ 80 پىرسەنتى روسىيە بىلەن ئىدى.

ئالتەشەھەرنىڭ ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىگە باقساقمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالغاندىن كېيىن بۇ مۇناسىۋەت بەزىبىر نۇقتىلاردا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، بۇرۇن پاختا پەرغانىدىن قەشقەرگە چىقاتتى. 1876 – يىلى پەرغانىدىن قەشقەرگە 2120 پۇت پاختا چىققانلىقى مەلۇم (بۇ پەقەت قەشقەر، ئاتۇش، خانىرىقلارغا ئارتۇقچە لازىملىقتىن بولسا كېرەك)، رۇس دەۋرىدە پاختا قەشقەر، تۇرپاندىن روسىيىگە چىققان ۋە ئالتەشەھەردە پاختا سانائىتى كۈچەيگەن.

ئاياغلىق مال(چارۋامال) ياقۇپبەگ ۋە رۇس دەۋرلىرىنىڭ بىرىنچى يىللىرى يەتتىسۇ، پەرغانە ئارقىلىق ئالتەشەھەرگە چىقىرىلاتتى. 1908—1909 – يىللاردىن باشلاپ پەرغانە پاختا ئوچىقى بولۇپ قېلىشى سەۋەبلىك، بۇنىڭ ئەكسىچە ئاياغلىق مال ئالتەشەھەردىن قارقارا ئارقىلىق پەرغانە ۋە يەتتىسۇغا چىقىدىغان بولدى. دېمەك، ئالتەشەھەرنىڭ ئىقتىسادى ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىغا قاراپ ئۆزگىرىشكە مەجبۇر بولۇش دەرىجىسىگە كەلگەنىدى.

مانا مۇشۇ سەۋەب ھەم ئەھۋاللار تۆپەيلىدىن ئالتەشەھەر ئىنگلىزلارنىڭ بۇ يەردە ئىگىلىك تىكلىشىگە ئارتۇق يول قويماي كېلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئالتەشەھەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ئۆزىنىڭ تەبىئىي يولى بىلەن ئىلگىرى چامداپ كەلدى.

ئىنگلىز كاپىتالى ئالتەشەھەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئوزۇق بېرەلمىگەنگە ئوخشاش، ئىچكى جۇڭگومۇ بۇ يولدا ئالتەشەھەر مەنپەئىتىنى كۆزىتىپ كەلگىنى يوق.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى، جۇغراپىيە ۋە تارىخىي جەھەتلەرنى ئېتىبارغا ئالغاندا، ئالتەشەھەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەنپەئىتىدە ئالتەشەھەرنىڭ مەنپەئىتى ئارتۇقراق ئىكەنلىكى، سوقۇش ۋاقتىغىچىمۇ بۇ پايدىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەنلىكى چوقۇم.

ئۇ زامانىدىكى رۇس جاھانگىرلىكىنىڭ سىياستىگە باققاندا، رۇسىيىدە ئەنگلىيىگە قارىغاندا ئىچكى يامانلىق ئازراق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كونا رۇسىيىنىڭ ئالتەشەھەردە تەسىر دائىرە سىياستىنى يۈرگۈزۈشى ئالتەشەھەردە پاختىچىلىق ۋە ئاياغلىق مال ئىگىلىكلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولدى. ئىنگلىز كاپىتالى ئالتەشەھەرگە ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان فابرىكا، زاۋۇت ماللىرىنى كىرگۈزۈشتىن باشقىغا ياردەمايىتى. بۇ ھەم خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەش دەرىجىسىدە ئەمەس ئىدى.

ئالتەشەھەر، جۇڭغارىيە خەلقىنىڭ تۆپلۈك بايلىقى بولغان خام مالنى ۋە ئاياغلىق مالنى ئەنگلىيە ئۆزىگە چىقىرالمايتتى (نەشە ھەم خوتەن گىلەملىرىدىن باشقا). شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئالتەشەھەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن باغلىنىشى يوق.

ئەگەر ئىنگلىزلار ئالتەشەھەرگە قول سوزغان ۋە سوزماقچى بولسا بۇ ئىشتا جاھانگىرلىك سىياسەتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ھازىرقى زامان ۋە شارائىت باشقا.

ئەگەر بۇرۇن ئالتەشەھەر رۇس ھەم ئىنگلىز جاھانگىرلىرىنىڭ ئارىسىدا تالاشتا ياتقان بىر مۇستەملىكە ھېسابىدا بولسا ، سوقۇش ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن رۇس كاپىتالى سەپتىن چىقتى. ۋېرسال كېلىشىمى بويىچە غالىب سانالغان ئىنقىلابچىلار ۋاشىنگتون يىغىنىدا چىننى بۆلۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزلار ئالتەشەھەردە خوجايىن قاتارىدا بولۇپ قالدى.

ئىنگلىزلار بۇرۇن نىكولاي ئالتەشەھەرگە ئىگە بولۇپ قالدۇ دەپ قورقسا، ھازىر شۇرالار ھۆكۈمىتى ئازاد قىلىپ قويىدۇ دەپ ئۇندىن بەتتەر قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتەشەھەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەت ياسىشىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

پۈتكۈل شەرق دۇنياسىنى ئۆزىگە قۇل ۋە قورال قىلىۋالغان ئىنگلىز جاھانگىرلىرى بۇ قېتىم ئالتەشەھەرنى ھىندىستان ۋە تىبەتتىكى تەسىرىنى ساقلاش يولىدا قورال قىلىۋالماقچى.

ئالتەشەھەرگە سىغىن سىير ئورنىدا قارىغان ئىنگلىزلار، مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپ روھانىيلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي، ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ھازىر باھاسىز مالغا ساتماقتا.

نەتىجىدە ئالتەشەھەر، جۇڭغارىيىنىڭ ئىقتىسادىي بايلىقى، مەدەنىيىتى كۈندىن كۈنگە ئارقىغا يانماقتا، خەلقنىڭ كەمبەغەللىكتىن ئاچ - يالىڭاچ قېلىۋاتقانلىقى بىلەن بۇلارنىڭ كارى يوق.

ھازىر ئالتەشەھەر، جۇڭغارىيە خەلقى بۇ خىيانەتنى چۈشەندى ۋە ئاڭلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سودا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت ياسىماي تۇرۇپ ئىلگىرى باسمايدىغانلىقىنى خەلق ئاڭلىدى. بۇ مۇناسىۋەتتىن كىمنىڭ پايدا ئېلىپ، كىمنىڭ زەرەر كۆرىدىغانلىقىنى بىلگىدەك بولدى.

بۇ مەنپەئەت ئالتەشەھەر، جۇڭغارىيە سودىگەرلىرى، كاسىپ ھۈنەرۋەنلىرى، دېھقانلىرى ۋە مېھنەتكەشلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەگىدۇر.

ئۇيغۇر بالىسى. 1923 - يىلى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» 11 - سان.

### مەجۇسىيلەردە ئاچارچىلىقتىن ساقلىنىش

ئىلى دەرياسىنىڭ سول ياقىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مانجۇ نەسلىگە مەنسۇپ شىۋە ناملىق سەككىز سۇمۇل خەلق بار. بۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار ئىلى ۋىلايىتىگە تارانچىلاردىن بىر ئاز زامان ئىلگىرى مۇكدىن دېگەن شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. بۇلار باشتا 800 جان بولۇپ، ھەر بىر سۇمۇلغا 100 دىن بۆلۈنۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشلىرىغا قارىغاندا، قوشنىسى تارانچىلارغا قارىغاندا، ئۆسۈشلىرى بەك سۇس بولغان. چۈنكى بۇلاردا رەسىم - قائىدىگە رىئايە يوق، دېمەك، بۇلار ھازىرمۇ 8000 جاندىن ئارتۇق ئەمەس ئىكەن. ئەمما ھەر تۆت - بەش يىلدا بىر قېتىم ئاچارچىلىق ھۆ-

كۆم سۈرۈپ جاپا چېكىدىغان تارانچىلار بۇلارغا قارىغاندا ئارتۇقراق ئىكەن. ئەكسىچە، شۋەلەر ئۆسۈش قانۇنى بويىچە ئۆسمىگەن. بۇنىڭدا ھەيران قالىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولۇپمۇ تارانچىلاردا ھەر تۆت ـ بەش يىلدا بىر مەرتىۋە ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرسىمۇ شۋەلەرده 200 يىلدىن بېرى ئاچارچىلىق دەھشەتلىك تۈردە ھۆكۈم سۈرمىگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق؟ بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئېنىق. بۇلار ئاچارچىلىقتىن ساقلىنىشقا ئەڭ ئوڭاي چارە تاپقان. بۇلار ئاۋۋال ئىلىغا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن «داڭزىپاڭ» ناملىق بىر مەھكىمە تەسىس ئېتىپ، بۇنىڭ نازارىتىدە بولىدىغان ئامبار سالغان. بۇ ئامبارغا بولسا ھەر بىر ئەركەك بېشىغا مەلۇم مىقداردا ئاشلىق (بۇغداي، ئارپا، تېرىق) يىغىپ تۇرغان. بۇ ئامبارنىڭ ئاشلىقنى توقچىلىق يىللىرىدا ھەر بىر دېھقانغا ئۆرۈق قىلىپ چېچىش ئۈچۈن مەجبۇر قىلىنغان. ئەلۋەتتە، مەلۇم پىرسەنت پايدىسى بىلەن، مەسىلەن، بىر پۇت بۇغداي ئالغان دېھقان بىر پۇت بەش قاداق تۆلەم شەرتى بىلەن. بۇنىڭدىن باشقا كىمگىلا ئاشلىق لازىم بولسا، مەزكۇر پىرسەنت بىلەن بېرىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يۇرت پايدىسىغا كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك ئۇششاق ئىئانە پۇلى بولغان. بۇ پۇللارنى بەگلەر ئۆز يانچۇقىغا تىقماي، مەزكۇر مەھكىمە خەزىنىسىگە يىغىپ تۇرۇشقان. بۇ پۇلنىڭ مىقدارى ھازىرمۇ 30 مىڭغا يەتكەن. ئامباردىكى ئاشلىقلىرى ئاچارچىلىق بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تۆت ـ بەش يىل ھۆكۈم سۈرسىمۇ چەتتىن ھېچ كىمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولماستىن يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپەيگەن. مەزكۇر پۇل بىلەن ئاشلىق ئۆز ئىچىدىكى ئاجىز، قېرى، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ تەربىيىسىدىن ئاشقىنىدۇر، بولمىسا بۇنىڭدىن كۆپ ئارتۇق بولار ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بالا ـ چاقا، يېتىم ـ يېسىرلار ۋە تۇل خوتۇنلار باي بولسىمۇ 80 ياشقا كىرگەندىن كېيىن قېرى بوۋاي، موماي ھېسابلىنىپ، مەزكۇر مەھكىمىنىڭ خەزىنىسى ھېسابىدىن بېقىلىدۇ. چەت مىللەت كىشىلىرىدىن قانداقلا مېھمان كەلسە، ئۇنىڭ خىراجىتىگە كەتكەن چىقىمنىڭ ھەممىسى شۇ خەزىنىدىن بېرىلىدۇ.

ئۇلار ھازىرمۇ شۇنداق قىلماقتا. بۇلاردا تا كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى يۇرتنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا بولغان ھادىسە، ۋەقەلەر كۈن، سائىتى بىلەن يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تارانچى تارىخى توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپ مەلۇمات بار دەپ ئېيتىشقانىدى.

1914-يىلى «شۇرا»نىڭ 23 ـ سانى.

## قۇتەيبە توغرۇلۇق سوئال

ئىناۋەتلىك تارىخلاردا قۇتەيبە بىننى مۇسلىم ئىسمىلىك زاتنىڭ قەشقەر ياقىلارغا كەلگەنلىكى يېزىلغان. لېكىن بىز بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇچرىتالمىدۇق. قۇتەيبە بىننى مۇسلىم قەشقەر تەرەپكە نېمە ئۈچۈن كەلگەن ۋە ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلغان؟ بۇنىڭ تەپسىلاتى، شۇ دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەر «شۇرا»دا تولۇقراق يېزىلسا بولاتتى. بۇنى بىلىش بىز ئۇيغۇر ئەۋلادىغا بەك مۇھىم ئىدى. ھەر ھالدا تارىخ ۋە تارىخچىلارغا ھاۋالە قىلماي، بىزنى قانائەتلەندۈرگىدەك مەلۇمات بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز.

ئۇيغۇر بالىسى، غالجات.

## قۇتەيبە توغرۇلۇق جاۋاب

قۇتەيبە بىننى مۇسلىم ئەمەۋىيلەر زامانىدا ئۆتكەن قەھرىمان سەركەردىلەردىن ئىدى. ئۇ 706 ـ يىلى ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن خارەزىم، بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە پەرغانىنى بويسۇندۇردى. تەبەرى بىننى ئەقرۇ بىننى ھەمدە باشقا تارىخچىلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا 716 ـ يىلى قەشقەرنى ئىشغال قىلغان.

ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، چىن ئىمپېراتورىغا تەھدىت سالغان. بىز ئۈچۈن بەك تەپسىلىي بىلىشىمىز لازىم بولغان ئۇشبۇ ھادىسە ئەرەب تارىخلىرىدا بەك قىسقا، مۇجمەل ھالدا ھېكايە قىلىنغان. بۇ ھەقتە چىن تارىخلىرىدا مەلۇمات بولسا كېرەك. قۇتەيبە 716 ـ يىلىنىڭ ئۆزىدە ۋاپات بولغان. قولىمىزدا سەرمايە بولمىغانلىقتىن، تەپسىلات بېرىشكە ئىقتىدارىمىز يوق. بۇنىڭ تەپسىلاتى شۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزلىرىدە بولسا كېرەك، كەچۈرۈڭ.

(داۋامى بار)

1991 ـ يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «يوروق ساھىللار» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

*ئىچ بەتتىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار، پولات ئابدۇكېرىم خوجا، مەتتوختى بارات، ئوسمانجان ئابلىزلار تەمىنلىگەن.*

www.uyghurkitap.com

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ



ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقۇتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۇنۇم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۈلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ـ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

**E- mail: mirasuyghur@ 126.com**

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## رىقابەت



چىرايلىق ھەم قامەتلىك بىر قىز ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسى ئېلىش ئۈچۈن، كۈنبويى جاپالىق ئۆگىنىپتۇ. قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەر خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا گەپ تاشلاپتۇ:

— ئادۋوكاتلىق ساھەسىدىكى رىقابەت بەك كەسكىن تۇرسا، سىز شۇنچە چىرايلىق بولغاندىكىن بۇنداق جاپالارنى تارتىپ يۈرگىچە، پۇلدار بىر ئەرگە تېگىپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز بولمامدۇ؟

قىز خىزمەتدىشىغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن سوغۇق جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىز تېخى بىلمەيدىكەنسىز، بۇ ساھەدىكى رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن.

## ئالداش

بىر دىرېكتور كاتىپىغا مۇنۇلارنى تاپىلاپتۇ:

— ئەگەر بى بى ئىسىملىك بىر قىزدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى بانكىغا پۇل ئالغىلى كەتكەن، دەپ قويۇڭ.

— ئەگەر بانكىدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى بوغالتىر بىلەن بىرگە پۇل چېكى بېجىرگىلى چىقىپ كەتكەن، دەپ قويۇڭ.

— ئەگەر بوغالتىردىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى باش مەمۇرىيەتكە جىددىي بىر يىغىنغا كەتكەن دەپ قويۇڭ.

— ئەگەر باش مەمۇرىيەتتىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى ئۆيدە جىددىي ئىش چىقىپ قېلىپ خانىمى چاقىرىپ كەتكەن، دەپ قويۇڭ.

— ئەگەر خانىمىمدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، ئۇنى تەگرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، دەپ قويۇڭ.

— ئەگەر تەگرىدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، دەرھال ئۇنىڭ دەرگاھىغا بارامسىز؟ — پەرۋاسىزلا سوراپتۇ كاتىپ.

## خارۋاردنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئەمدىلا قايتىپ چىققان ئوقۇغۇچى ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئەمدى جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى كۆپ بولىدىغۇ! دېگەنلەرنى ئويلىغاچ بىر تاكسىغا چىقىپتۇ. ئوقۇغۇچى ھاياجىنىنى باسالماستىن، شوپۇر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، دەپتۇ:

— ياخشىمۇ سىز ئەپەندى؟ مەن خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ 1999 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولىمەن!

شوپۇرمۇ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ياخشىمۇ سىز يىگىت؟ مەن خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ 1979 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىسى ئىدىم!

## جىددىي قۇتقۇزۇش

ئەنگلىيىلىك داڭلىق دوختۇر شارىپ بىر ئاقسۆڭەك بايۋەچچىنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئەسلىدە كېسەل بەكلا يەڭگىل بولۇپ بايۋەچچىنىڭ تېرىسى ئازراقلا سۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. دوختۇر كېسەلنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، قەغەزگە دورا يېزىپتۇ ـ دە، خىزمەتكارنى دورا دۇكىنىغا ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرۈپ بېرىپ، دورىنى دەرھال ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. دوختۇرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بايۋەچچە بېگىمنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، تەشۋىشلىنىپ سوراپتۇ:



— دوختۇر، دورىنى شۇنچە تېز ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىغىنىڭىزغا قارىغاندا، يارا ئەھۋالى بەك خەتەرلىك ئوخشىمامدۇ!

— بېگىم، ئەگەر خىزمەتچىلىرى دورىنى تېزدىن ئېلىپ كەلمەسە، مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم...

— بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالماس؟

— دورىنى ئەكېلىپ بولغىچە يارىلىرى ساقىيىپ كېتەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

## ئەر ۋە مۈشۈك

ئەر ئايالىنىڭ مۈشۈك باقىشىغا چىداپ تۇرالماي، مۈشۈكنى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ، ئۇ ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېلىپ قارىسا مۈشۈك بوسۇغىدا مىياڭشىپ ياتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن ئەرنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ ـ دە، مۈشۈكنى بىر خالتىغا سالغىنىچە ئۆيىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلاپ، سولغا 15 كىلومېتىر، يەنە شىمالغا قاراپ 12 كىلومېتىر، غەربكە قاراپ 20 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن مۈشۈكنى تاشلىۋېتىپ قايتىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ئەر يانفون بىلەن ئۆيىگە تېلېفون بېرىپتۇ:

—مۈشۈك ئۆيگە قايتىپ باردىمۇ؟

—شۇنداق قەدىرلىكىم، ئۇ قايتىپ كەلگىلى بەش مىنۇت بولدى، بۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

—تېلېفوننى ئۇھايۋانغا بەرگىنە! مەن يولدىن ئېزىپ قالدىم.

## مەن تۆلەي

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دېڭىزدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر سۇ ئاستى پاراخوتى دۈشمەن پاراخوتىنى بايقاپتۇ.

—دوكلات پاراخوت باشلىقى، ئالدىمىزدا دۈشمەن پاراخوتىنى بايقىدۇق.

—ياخشى، سۇ مىناسى ئېتىشقا تەييارلىق قىلىڭلار، ئارىلىق قانچىلىك؟

—1000 مېتىر!

—باشلىق 700 مېتىر قالدى، ئاتامدۇق؟

—سەل تەخىر قىلىڭلار.

—باشلىق 200 مېتىر قالدى، ئاتامدۇق؟

—يەنە سەل تەخىر قىلىڭلار.

—سادىغاڭ كېتەي باشلىق، ئارىلىقىمىز پەقەت 50 مېتىرلا قالدى! مىنانىڭ پۇلىنى مەن تۆلىۋېتەي، بۇيرۇق بېرىڭ!

## ئەپچىل چارە

قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بىر كۈنى كەچتە، ئادۋوكات ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. گەرچە ئادەم يارىلانمىغان بولسىمۇ، بىراق ھەر ئىككى ماشىنا ئېغىر ۋەيران بولۇپتۇ، سىرت سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىيلەن بەك قورقۇپ كەتكەچكە، بەدەنلىرىگە تىترەك ئولىشىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادۋوكات يېنىدىن كىچىك بىر بوتۇلكا ھاراقنى چىقىرىپ قارشى تەرەپكە تەڭلەپتۇ:

—بۇرادەر، ئازراق ئوتلاپ قويۇڭ، ئىسسىپ قالسىز. قارشى تەرەپ ھاراقتىن بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ، قالغىنىنى ئادۋوكاتقا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىكەن، ئادۋوكات بوتۇلكىنى يىراققا چۆرۈۋېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھەمرىيى ئادۋوكاتقا:

—سىزمۇ ئازراق ئىچىپ ئىسسىنىۋالمامسىز؟—دەپتۇ.

—ئىچىمەن، بىراق ساقچى كېلىپ بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىچىمەن،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئادۋوكات.





## ھەقىقىي ئەخمەق

بىر نەچچە قاراقچى بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، يەرگە بىر دانە چەمبىرەك سىزىپتۇ ـ دە، ئەر ـ ئايال ئىككىسىنى چەمبىرەكنىڭ ئىچىگە سولاپ، ئۇلارغا بۇيرۇپتۇ:

—قايسىڭ چەمبىرەكتىن پۇتۇڭنى چىقىرىدىكەنسەن، شۇ ئاۋۋال ئۆلىدۇ! قاراقچىلار پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا چىدىماي ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقان ئايال، بىر چەتتە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغان ئېرىدىن سوراپتۇ:

—ھەممە بىساتىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنە ساراڭدەك ھىجاراپ تۇرغىنىڭىز نېمىسى؟

—بۇ قاراقچىلار تازىمۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلەردىن ئىكەن، قارىمامسىز، مەن پۇتۇمنى تۈيدۈرماستىن ئاستا سىزىقنىڭ تېشىغا چىقىرىۋالغان ئىدىم، ئۇلار بۇنى سەزمىدى.




# ئۈچ شەرت

بۇرۇنقى زاماندا ئىنتايىن ھىيلىگەر بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىشلەمچىلەرگە ناھايىتى ئېغىر شەرتلەرنى قويىدىكەن. ئىشلەمچىلەر شۇ بويىچە ئىشلىمىسە، ئىش ھەققىنى بەرمەيدىكەن. شۇڭا نۇرغۇن كەمبەغەللەر بايغا 10 ـ 15 كۈن ئىشلەپ، بىر تىيىنمۇ ھەق ئالالماي ھەيدىلىدىكەن.

بىر كۈنى، شۇ يۇرتتىكى يەنزى ئىسىملىك ئەقىللىق بىر يىگىت يۇرتتىكىلەرنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن باينىڭ ئۆيىگە ئىشلىگىلى كەپتۇ. باي ئۇنىڭغا ئۈچ شەرتنى قويۇپتۇ:

ـ بىرىنچى، مېنىڭ ھەر قانداق نەرسەمگە چېقىلمايسەن؛ ئىككىنچى، ئىككىمىز بىللە بىر يەرگە بارغاندا، سەن چوقۇم مېنىڭ ئارقامدا ماڭىسەن. ئۈچىنچى، ئىش ئارىلىقىدا ئىش تاشلىمايسەن. شەرتلىرىمنى ئورۇندىيالمىساڭ، ئىش ھەققىڭنى بەرمەيمەن.

ــ بولىدۇ، سىلى دېگەندەك بولسۇن، ــ دەپتۇ يەنزى، ــ لېكىن مېنىڭمۇ ئۈچ شەرتىم بار.

ــ قانداق شەرت؟

ــ بىرىنچى، سىلىمۇ مېنىڭ ھەر قانداق نەرسەمگە چېقىلمايلا، ئىككىنچى، سىلى چوقۇم مېنىڭ ئالدىمدا ماڭىدىلا، ئۈچىنچى، ئەگەر ئىش ئارىلىقىدا مېنى ھەيدىۋەتسىلە، مېنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىمنى بېرىدىلا، ــ دەپتۇ.

باي كۆڭلىدە «بۇ قانچىلىك شەرت ئىدى» دەپ خۇشال بوپتۇ ۋە دەرھال شۇ بويىچە كېلىشىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، باي بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە قەرت ئويىناقچى بولۇپ، يەنزىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

باي قەرت ئويناپ بولۇپ، ئۆيىگە قايتماقچى بولغاندا، يەنزى كۈنلۈكنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، پەنەرنى تۇتقىنىچە باينىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا باي:

ــ يەنزى سەن ئالدىمدا ماڭ، مەن يولنى كۆرەلمىدىم، ــ دەپتۇ.

ــ باي ئاكا، شەرتلىرى بويىچە مەن ھەرگىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا مېڭىشقا پېتىنالمايمەن، ــ دەپتۇ يەنزى.

باي گەپ قىلالماي ئالدىدا تەمتىلەپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. يېرىم يولدا، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. يەنزى دەرھال كۈنلۈكنى ئېچىپ، يامغۇردىن دالدىلىنىپتۇ.

ــ يەنزى، تېز كۈنلۈكنى ماڭا بەر، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ باي.

ــ شەرت بويىچە، سىلى مېنىڭ نەرسەمنى ئالمايدىلا، باي ئاكا، ــ دەپتۇ يەنزى.

ــ ئۇنداقتا نېمىشقا مېنىڭ كۈنلۈكۈمنى ئېلىۋالمىدىڭ؟

ــ باي ئاكا، شەرت بويىچە مەن ھەرگىزمۇ سىلىنىڭ نەرسىلىرىنى ئالالمايمەن، ئەمەسمۇ!

باي ھېچقانداق ئامال قىلالماي ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۆيىگە كەلگۈچە باي خۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ قاپتۇ.

باي ئۆيىگە كىرىپلا، ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ:

ــ يوقال! مەن سېنى ئىشلەتمەيمەن، ــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا يەنزى سالماقلىق بىلەن:

ــ كېتەمدىم، ئەمىسە، شەرت بويىچە سىلى مېنى ئىشتىن بوشاتتىلا، كېلىشكىنىمىز بويىچە ماڭا بىر يىللىق ئىش ھەققىمنى بېرىدىلا، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي شۇ يەردىلا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

خەنزۇچە «يۇمۇر ۋە چاقچاق» ناملىق ژۇرنالدىن ئېلىندى.

**خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇرلار

تىيەنبا يۇزى (ياپونىيە)



## سەددىچىننىڭ غەربىي ئۇچىدىكى تۇنجى قەدىمىي شەھەر – جيۇچۇەن

قەدىمكى سۇجۇنىڭ ئورنىدا جيۇچۇەننىڭ پەيدا بولۇشى تېخى يېقىنقى يىللاردىكى ئىش. جيۇچۇەن شەھىرىنىڭ شەرقى پۈتۈنلەيلا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا بازىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىكەن.

جيۇچۇەنگە يېقىنلاشقاندا، بىز جيۇچۇەن بۇتخانىسى دەپ ئاتىلىدىغان مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر بۇتخانىدىن ئۆتتۇق. بۇتخانىنىڭ سەيناسىدا تېخى يەنە قومۇشلار بولۇق ئۆسكەن بىر ئويمان يەر بولۇپ، بۇلاق سۈيى يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىكەن.

شەھەرنىڭ شەرقىگە يېتىپ كەلگەندە، بىز خەنزۇ ئۇسلۇبىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان شەھەر مەنزىرىسىنى كۆردۇق. قونالغۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توپ – توپ تۇرۇشقان كىشىلەر ئۇچىلىرىغا يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان، كەڭ ئىشتانلىرىنىڭ پۇچاقلىرىنى ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈكلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشقانىدى. ھەممىسىلا بېشىغا نەچچە قات لاتا ئورىۋېلىشقان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى «چەنتۇ» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چاچ ۋە ساقال – بۇرۇتلىرى قوڭۇر رەڭدە، يەنە بەزىلىرىنىڭ سارغۇچ رەڭدە بولۇپ، تولىمۇ كېلىشكەنىكەن. ئۇلارنىڭ تىلى خەنزۇ تىلىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، بىز ھېچنېمىنى ئۇقالمىدۇق. كېيىن بىلسەك، ئۇلار دەل ئۇيغۇرلار ئىكەن.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پاختىدىن توقۇلغان ھەر خىل بۇيۇملارنى ساتىدىغان دۇكانلار بولۇپ، بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ كىشىلەر قولدا توقۇغانىكەن، گۈللىرى ۋە رەڭگىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ماللىرىغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گىلەم، ئېسىل ئىگەر – جابدۇق ۋە شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرىدىن قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك، قوغۇن قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن.

بىز تۇنجى قېتىم ئاپئاق نەقىشلەنگەن مەسچىتنىڭ يۇملاق گۈمبىزىنى ۋە ھىلال ئاي شەكىللىك قۇببىسىنى كۆردۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا، مەسچىتنىڭ ئىچىدىن بىر توپ ياش تالىپلار چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىنتايىن قاملاشقان باللار بولۇپ، مەسچىتتە ئەرەب تىلى ۋە «قۇرئان» ئۆگىنىدىكەن.

يول بويىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدا تۆمۈرچى ئۇستامالار ئېسىل ئارغىماقلارنى تاقلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. شەھەرنىڭ شەرقى يولۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى چۈشىدىغان جاي بولغاچقا، قونالغۇلارنىڭ ھەممىسىلا مېھمانلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە يەنە ھارۋىلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، چاقلىرىنى ئالماشتۇرىدىكەن. چۈنكى، ئالدى تەرەپتىكى قۇملۇقتا سەپەر قىلغاندا، ھارۋىنىڭ چاقى چوقۇم باشقا جايلاردىكىگە قارىغاندا بىر چى كەڭ بولمىسا بولمايدىكەن.

بىز تۈنجى ئاخشىمى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ھەم قىستا ـ قىستاڭ بىر سارايدا قوندۇق. سوغۇق ھەم زەي ياتاقتا جىمجىت كېچە ناھايىتى ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى بىر قەشقەرلىك سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن ۋاقىتلىق قونالغۇ تاپتۇق. ئۇ دائىم خەنكو ۋە بېيپىڭلارغا بېرىپ سودا قىلىدىكەن. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە باغ بولۇپ، پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا مېۋىلىك دەرەخلەر كىشىگە تولىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاقباش تاغلار شۇنچە ھەيۋەتلىك بولۇپ، چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 مىڭ چى كېلەتتى.

كېيىن بىز يەنە شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئەڭ ياخشى سارايغا بېرىپ، بىر قونالغۇ تاپتۇق. ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا بىر گۈللۈك بار ئىكەن، قوشنىلىرىمىزنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىمۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قوۋۇق بولمىغاچقا، بۇ ئەتراپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن خالىي، تولىمۇ تىنچ ئىدى.

شەھەرنىڭ 50 ~ 60 چاقىرىم نېرىسىدا، دەل سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەڭ غەربىي ئۇچى ـــ مەشھۇر جيايۇگۈەن ئۆتكىلى جايلاشقان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر جيايۇگۈەننى «جيۇچۈەننىڭ غەربىي دەرۋازىسى» دەپ ئاتىشىدىكەن. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، موڭغۇللار دائىم ئۇ يەردە تۆگە كارۋىنى تەشكىللەيدىكەن. بۇ تۆگە كارۋانلىرى قومۇلدىن پاختا، تۇرپاندىن قۇرۇق ئۈزۈم، جېنشى بارىكۆلدىن تۆگە يۇڭى، كۇچادىن ئەلتىرە يۆتكەپ ساتىدىكەن.

تەلىيىمىزگە بىر مۇسۇلمان دېھقان ھەر كۈنى بىزنى ساپ كالا سۈتى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. جيۇچۈەندە يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بازاردىن قوي گۆشى، كالا گۆشى، توڭگۇز گۆشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا تاپقىلى بولىدىكەن، ئەمما سۈپىتى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. لېكىن، يېڭى كۆكتاتلار، توخۇ تۇخۇمى ئىنتايىن مول ئىكەن. قىسقىسى، جيۇچۈەن ھەقىقەتەنمۇ قاقاس غەربىي شىمالدىكى بىر «جەننەت» ئىكەن!

### دۇنخۇاڭ ھەققىدە پاراڭ

ئەتىسى كۈن چىقاي دېگەندىلا، بىز دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ قوۋۇقىنى غۇۋا كۆردۇق. ئەتىگەندىكى سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، ئەمما ھېلىمۇ ياخشى يېرىم يولدا بىر باغلام شال پاخلى تېپىۋالغاندۇق (ئېھتىمال، دېھقانلارنىڭ ھارۋىسىدىن چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك). شۇنى قالاپ بىر ئاز ئىسسىنىۋېلىپ، شەھەرگە روھلۇقراق كىرمەكچى بولدۇق.

خىرە كۈن نۇرىدا، بىز تۆت ئەتراپى مېۋىلىك باغلار بىلەن ئورالغان دۇنخۇاڭ شەھىرىگە نەزەر سالدۇق. بۇ مېۋىلىك باغلار ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىپ تۇرىدىكەن. باراقسان ئۆسكەن مېۋىلىك دەرەخلەر ئىنتايىن يېقىملىق كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نەشپۈت دەرىخى ئىكەن، شۇ سەۋەبتىنمۇ دۇنخۇاڭنىڭ نەشپۈتى داڭلىق ئىكەن. يالتىراپ تۇرغان شەبنەملەر يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىدە ئۇيۇپ قالغان بولۇپ، بۇ مەنزىرە كىشىگە تولىمۇ ھۇزۇر بەخش ئېتىدىكەن.

دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەن. ئۇ نۇرغۇن كېسىشكەن چوڭ يوللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، لاسا (شىزاڭ)، موڭغۇلىيە، ھىندىستان ۋە سىبىرىيىگە بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خوتەن، يەكەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ دۇنخۇاڭدىن چوقۇم ئۆتىدىغان بولۇپ، دائىملا 60 ~ 70 خېچىرلىق چوڭ كارۋانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، ئۇلار 50 كۈن مېڭىپ، ئاندىن بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدىكەن.

گەنسۇ تەۋەسىدە، دۇنخۇاڭ تارىختىن بۇيان ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئوخشاشمىغان ناملىرى بولغان. خەن گاۋزۇ دەۋرىدە ئەڭ گۈل-

لىنىپ، كېيىن ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ، ئاھالىلەر پىتراپ كەتكەن. دۇنخۇاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نامى شاجۇ بولۇپ، بەش دەۋر مەزگىلىدە، غەربىي لياڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان، كېيىن زاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان، يەنە خەنزۇلارنىڭ ھونلارغا قارشى تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇلخانىسى بولغان. ھازىر دۇنخۇاڭدا ھىندى يېزىقى، سانسكرىت يېزىقىدىكى نۇرغۇن ئابىدىلەر ساقلانغان بولۇپ، يەنە تېخى بىر خىل تونۇغىلى بولمايدىغان يېزىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى يېزىقلارمۇ بار ئىكەن.

ھازىر، ئۆرۈلۈپ كەتكەن سېپىل تېمى ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئاق يەردىن باشقا، قەدىمكى دۇنخۇاڭ شەھىرىدىن ھېچقانداق ئەسەرمۇ قالماپتۇ، شەھەر رايونى ئاللىقاچان كۆكتاتچىلارنىڭ يېرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرى كونا شەھەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرىنى بىر دەريا ئايرىپ تۇرغاچقا، شەھەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كىچىك ئىكەن. شەھەرنىڭ شەرقى سودا رايونى بولۇپ، ئاساسىي ئاھالىسى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىكەن. ئۇلار ھازىر پەيدىنپەي بۇ جاينىڭ يەرلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىغان، ئىتىزلاردا دائىملا قىپقىزىل كىيىم كىيىۋالغان، بېشىغا يەلپۈنۈپ تۇرغان رومال ئارتىۋالغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.



يەرلىك خەنزۇلار، مەيلى باي ـ كەمبەغەل، ياش ـ قېرى، دېھقان ـ سودىگەر ياكى ھۈنەرۋەن بولسۇن، پەقەت ئەپيۇن غاڭزىسى قولىدىلا بولسا، ھېچقانداق ئىش قىلىشنى خالىمايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى بارا ـ بارا تۈگەشتۈرۈۋېتىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى، دىنىنىڭ چەكلىشى تۈپەيلىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەپيۇن چەكمىگەچكە، بارا ـ بارا ھۆكۈمرانغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ.

## گۈزەل قەشقەر ئاياللىرى

ئارىمىزدىكى ئايال ھەمراھلىرىمىز شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى قەشقەردىن كەلگەن ئىككى ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىنتايىن چىرايلىق، خۇددى سۈرەتتەك گۈزەل، بويلىرى ئەۋرىشىم بولۇپ، ئادەمنى تولىمۇ مەھلىيا قىلاتتى. ئۇچىسىغا چىرايلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا نەپىس توقۇلغان، ئىنچىكە بەللىرىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان چۈمبەل ئارتىۋالغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ زىلۋا، لاتاپەتلىك كۆرسىتىپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ھاياجانغا سالاتتى.

ئۇلار بىز تۇرغان يەرگە يوقلاپ كەلدى، ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆتۈكلىرىنى سېلىپ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇزۇن پاچاقلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇردى. ئۇلار گەنسۇنىڭ يەرلىك شىۋىسىدە سۆزلىيەلەيدىكەن، بىردەم ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خوشلىشىدىغان چاغدا يەنە بىزنى چۈشتىن كېيىن ئۆيلىرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. دەرۋەقە، بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار كىچىككىنە ئۆتۈك كىيىۋالغان ئوماق ئىككى بالىنى بىزنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە يولدا بىر قانچە ۋەھشىي تايغاندىن داجىپ ئۆتۈپ، بىر چوڭ قورۇغا كەلدۇق ۋە دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن بىر كەگرى سەينادىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىدىكى ئايۋانغا كىردۇق. ئۇلار پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىزنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن.

تەخمىنەن يېرىم سائەتچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىر مالاي ئايال يوغان تاۋاقتا پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ئە-

كىردى.

ئايال ساھىبخان گۆشنى ناھايىتى ئەپچىل پارچىلاپ، ھەر بىرىمىزگە بىر پارچىدىن تۇتقۇزۇپ قويدى ھەمدە: «بىزنىڭ ئادىتىمىزدە چوكا ئىشلەتمەيمىز، توغرا چۈشەنگەيسىلەر» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىز گۆشنى قولىمىزدا تۇتۇپ يېيىشكە باشلىدۇق، گۆش ناھايىتى تەملىك پىشقاچقا، ئىنتايىن ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتۇق، ھېلىقى شوخ بالىلارمۇ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ گۆش يېيىشتى، ئوتتۇرىدىكى سېرىق مىس تاۋاق سۆڭەك بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇ قىتىمقى مېھماندارچىلىق بىزدە ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

## قومۇل ئاياللىرى

بىز تۇرغان ساراي خوجايىنىنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار ئارقا ھويلىدا تۇرىدىكەن، ھويلىنىڭ ئىچى ئىنتايىن چىرايلىق، گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ھۇجرىلىرى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بولۇپ، بۇ تۆت خانىمدىن تۇغۇلغان بالىلار بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارغا تۇغقان كېلىدىغان بىر تۇل خوتۇن ھەم ئۇنىڭ قىزى ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىدىكەن.

خوجايىنىنىڭ خوتۇنلىرى ھەم قىزلىرى ئوخشاشلا پۈتۈن رەختتىن تىكىلگەن، ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىۋېلىشقان، ئۈستىدە بىر ئويمىسلا بولۇپ، كىيگەندىن كېيىن ئىككى مۈرىسىنى يىپ بىلەن چىگىۋالىدىكەن. كىچىك بالىلارنىڭ كىيىملىرىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن ئىكەن. ئاياللارنىڭ ھەممىسلا تىزىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان داكا ياكى يىپەك چۈمبەل تارتىۋېلىشقانلىقتىن، ھەتتا قوللىرىمۇ كۆرۈنمەي قالىدىكەن، ئەمما ئۇلار چۈمبىلىنى ئېلىۋەتكەندە ياكى قايرىغاندا، قوللىرى ئىنتايىن ئەپچىل ھەرىكەت قىلىدىكەن. ياتلىق بولغان ئاياللار چۈمبەل تارتماي، خېلى ئەركىن يۈرىدىكەن. بۇ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەممىسلا سۇمباتلىق ھەم چىرايلىق، تېرىلىرى تولىمۇ سۈزۈك بولۇپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان چۈمبىلى ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ، ئۇلارنى ئاجايىپ جەزىبدار ھەم جەلپكار قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۈلگەن ياكى ئۇيالغان چاغدىكى لاتاپەتلىك چېھرى، چۈمبەلگە يوشۇرۇشلىرى ئادەمنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدىكەن. ياش قىزلارنىڭ پېشانىسىگە چىگىۋالغان قارا رەڭلىك لېنتىسىنىڭ ئىككى ئۇچى كۆكرىكىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆيدە تۈز كەش كىيىۋالسا، سىرتقا چىققاندا ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن. بەزىدە زەر يىپ كەشتىلەنگەن يېشىل رەڭلىك تىۋىت پايپاقمۇ كىيىۋالىدىكەن. بېشىغا چۈمبىلىنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ بىر خىل قىرسىز يۇمىلاق بۆك كىيىۋالىدىكەن، شەكلى ھەر خىل ھەم رەڭگارەڭ، باشقا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىكەن.

قومۇلدىكى يەرلىك ئاھالىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار تولىمۇ مېھماندوست كېلىدىكەن. بۇ ئېھتىمال قومۇلنىڭ شارائىتىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، بىپايان قۇملۇقتىكى مۇشۇنداق بىر يېگانە يۇرتتا، كىشىلەر مېھمانلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەنىكەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قۇملۇقتىكى بىر مۇنبەت بوستانلىق ئىكەن!

## مۇسۇلمانلار شەھىرى ۋە خەنزۇلار شەھىرى

بىر كۈنى بىز مۇسۇلمانلار شەھىرىگە بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بولدۇق. شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىدىغان چاغدا، ئاق سەللە ئوراپ، ئۇزۇن تون كىيىۋالغان بىر ئاپئاق ساقاللىق ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ يېنىدا ئېگىز ھەم قاملاشقان بىر ئايال بولۇپ، پاختا رەختتىن تىكىلگەن سۇس كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغان، يۈزىگە ئاق چۈمبەل تارتىۋالغان، بېشىدا بىر چۆگۈننى كۆتۈرۈۋالغانىكەن. ئېھتىمال، بوۋاينىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئانچە ئۇقىلى بولمايتتى، ئۇلارمۇ ھەر دائىم تىلماچلارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان خەنزۇ خوتۇندىن بىرنى ياللاپ، خوتۇنلىرى قاتارىدا تۇرغۇزىدىكەن.

مۇسۇلمانلار شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، بىراق ئۆيدىكى سۇپىلار ئىنتايىن پەس بولۇپ، ئوت قالانمايدىكەن. ئۈستىگە چىرايلىق كىگىزلەر سېلىپ قويۇلىدىكەن. مېھمانلار سۇپا ئۈستىگە چىققاندا ئايىغىنى سېلىۋېتىدىكەن، بۇ ئۇلاردا بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ كىيىم ئىشكاپىمۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۈستىگە بىر يوغان مىس لېگەن قويۇپ قويۇلىدىكەن، بۇ

پولۇ يېيىشتە ئىشلىتىلىدىكەن. پولۇ دېگىنى كالا، قوي گۆشلىرى ھەم ماي بىلەن باشقا خۇرۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىدىغان تاماق بولۇپ، بۇنى يەرلىك كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قول چايقاشقا ئىشلىتىلىدىغان مىس ئاپتۇۋا، چىلاپچا تەييارلاقلىق تۇرىدىكەن.

مۇسۇلمانلار شەھرىدە يەنە ئاجايىپ بىر سۆگەت بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قومۇل شەھرىدە داڭلىق ئىكەن. شۇڭا، بىزمۇ بېرىپ كۆرۈپ كەلدۇق. بۇ تەخمىنەن 50 دەك يوغان شېخى بار چوڭ سۆگەت بولۇپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ گىرەلىشىپ كەتكەن باراقسان شاخ ـ يوپۇرماقلىرى خېلىلا چوڭ يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شاخلار بىر غول يىلتىزدىن ئۈسۈپ چىققانىكەن. بىز ئۇنى قانغۇچە تاماشا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدۇق.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بىز خەنزۇلار شەھرىگە، يەنى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا باردۇق. مەنزىرىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، دۇكانلار ۋە يايمىلار ئىنتايىن كۆپ ھەم ئاۋات ئىكەن. بۇ يەردىكى سودىگەرلەر سودىدا تولىمۇ قىزغىن ھەم خۇش مۇئامىلىلىك ئىكەن، خېرىدارلار ئۇيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەگەر ئالغان ماللىرىدىن رازى بولماي قالسا، ياندۇرۇپ بېرىسمۇ بولىدىكەن. بۇ ئاللىقاچان بىر خىل ئادەتكە ئايلانغاچقا، ئارازچىلىقلارمۇ ئىنتايىن ئاز يۈز بېرىدىكەن.

بىز بىر دۇكانغا نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى كىردۇق. ئىچىدە ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، باھاسى خېلىلا قىممەت ئىكەن. بىز باھاسىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى ئېيتساق، خوجايىن تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن:

ــــ ساتىدىغان يېرىم مۇشۇ، مەندىن باھا تالاشىپ ئولتۇرماڭلار، ــــ دېدى.

بىز ئەكەلگەن پۇلىمىز يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قايتا كېلىپ ئالايلى دېيىشتۇق، خوجايىن دەرھال شاگىرتىنى چاقىرىپ بىزنى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــــ سىلەر يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمان، بىر دەم ئولتۇرۇپ ئاز ـ پاز چاي ئىچىۋېلىڭلار، ــــ دېدى.

شۇنداق قىلىپ سودا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. قايتىدىغان چاغدا، خوجايىن تېخى يەنە بىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

### تارىختىكى قومۇللۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى

قومۇلنى خەنزۇلار «خامى» (哈密)، ئۇيغۇرلار بولسا «قومۇل» دەپ ئاتايدىكەن.

ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق مىللەت ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇلدىن ئىبارەت بۇ قۇملۇقتىكى مۇنبەت يۇرتنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئۇلاردا بىر خىل پەۋقۇلئاددە خاراكتېر يېتىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ قېنىدا مەركىزىي ئاسىيا ئېگىزلىكلىرىدە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى مۇجەسسەملەشكەنىكەن.

قومۇلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ۋە گۈللەندۈرگۈچىلىرى ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى خەلق بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى جۇڭغار دالىسىنىڭ شىمالىي ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان، كېيىن موڭغۇللار تەرىپىدىن قوغلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەرگە، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قومۇل قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن. شۇڭا، قومۇل يەنە جۇڭغار دالىسىنىڭ بوسۇغىسى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەرگە ماكانلاشقانلار كېيىن قومۇللۇقلار دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇلار دەسلەپتە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا، قومۇل بىر مەزگىل خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان، كېيىن تىنجىتىشقا كەلگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرارگاھى بولغانىكەن. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بىر روسىيىلىك سەيياھ قومۇلنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھەم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قارارگاھى بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغان، بۇمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، قومۇل كېيىن يەنە بارا ـ بارا ئاۋاتلىشىپ، شىنجاڭدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ.

### مۇرەككەپ ئاھالىلەر ۋە تۈرلۈك ئىرقلار

قومۇلدا مىللەتلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ، خۇددى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى

خەلقلەرنىڭ ھەممىسىلا باردەك قىلاتتى، ئۇلار خەنزۇلار، تۇڭگانلار، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، قالماقلار (يەنى ئۇيدرات موڭغۇللىرى)، قازاقلار، قىرغىزلار، نوغايلار (يەنى تاتارلار)، مانجۇلار ۋە رۇسلار ئىكەن.

قومۇلدىكى خەنزۇلار ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 18 ئۆلكىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا بولۇپ، ئۇلار ئەمەلدار، ئەسكەر، سودىگەر ئىكەن. يەنە يول تېپىش ئۈچۈن غەربىي شىمالغا كەلگەن كۆچمەنلەر ھەم يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلغان سەرگەردان ـ ئالىقاپلارمۇ بار ئىكەن، ئالىقاپلىرى ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە كونا زاماندىكى ھەر خىل ئەمەلدىكى ئۆمۈرلۈك پالاندىلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار بولۇپ، كۆپىنچىلىرىنىڭ قومۇلدا ئولتۇراقلاشقىنىغا نەچچە يۈز يىل بولغانىكەن. قومۇلنىڭ بارلىق تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما خەنزۇلار مۇھىتقا ئىنتايىن ماسلىشىپ كېتىپتۇ.

بىز خەنزۇلار تۇڭگانلار دەپ ئاتايدىغان مۇسۇلمانلارنى گەنسۇ ئۆلكىسىدە خېلى كۆرگەن بولساقمۇ، ئەمما شىنجاڭ ئۆلكىسىدە بەك كۆپ ئىكەن. تۇڭگانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلىماق تەس، چەت ئەللىكلەر تۇڭگان ياشلىرىنى تۇنجى كۆرگەندە، ھەمىشە ھەيران بولغانلىقىدىن «ئەجەب چىرايلىق ئەرەب ياشلىرىكەن» دەپ قالىدىكەن، ئۇلار چاچلىرى ئانچە قارا ئەمەس، قىياپىتى ئىنتايىن جەسۇر، كۆپىنچىسىنىڭ قىسقا ھەم بۇدۇر، قوڭۇرەڭ بۇرۇت ـ ساقاللىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئېتىقادى ئىنتايىن چىڭ مۇسۇلمانلار بولۇپ، توڭگۇز گۆشى يېمەيدىكەن، ھاراق ئىچمەيدىكەن ھەم ئەپيۇنمۇ چەكمەيدىكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيزۇلار يېغىلىقىدا، دەل شۇلار يولباشچى بولغانىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان ئىكەن. تۇڭگانلار خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇرلار بولسا ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ ھەم يېقىملىق، بۇ تىلشۇناسلارنىڭ باھاسى ئىكەن. يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا يەنە: «ئەرەب تىلى ئىلىم، پارس تىلى شېكەر، ھىندى تىلى تۇز، ئۇيغۇر تىلى سەنئەت» دېگەن تەمسىلمۇ بار ئىكەن.

تەڭرىتاغنىڭ بۇ شىمالىي ئەتراپىدا، موڭغۇللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ قاۋۇللۇقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، ياپىلاق يۈزى، باللارچە ساددىلىقى زاڭزۇلار بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىكەن، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

قازاقلار مۇسۇلمان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، بېشىغا غەلىتە ئۇچلۇق قالپاق، پۇتىغا ئېگىز ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن. رۇسلار ئۇلارنى كازاكلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قىرغىزلار دەپ ئاتايدىكەن، ئەمەلىيەتتە قازاقلار بىلەن كازاكلارنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشلىقى يوق. كازاكلار بولسا روسىيىلىكلەر، ئۇلار چارروسىيە دەۋرىدە نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولغان، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چارروسىيىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرگەن، تارىختا ئاتالغان كازاك ئەسكەرلىرى دەل ئاشۇلاردىن ئىبارەت.

بىز بەزىدە يەنە بىر خىل خەلقلەرنىمۇ ئۇچرىتىپ قالاتتۇق، ئۇلارنىڭ قىياپىتى ۋە تۇرقى بەئەينى ياۋروپالىقلاردەك، ئەرلىرى قىرىملىقلاردەك ساقال ـ بۇرۇتلۇق ئىدى، ئاياللىرىنىڭ كىيىمى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە بەك ئوخشايتتى، ئەمما ھەممىسىلا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدىكەن، ھەتتا كىچىك بالىلىرىمۇ مۇشۇنداق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى ناھايىتى سۈزۈك، تەقى ـ تۇرقى ناھايىتى قاملاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار دەل «نوغايلار»، نوغايلارنىڭ بۇ نامى XⅢ ئەسىردە قىرىمدىكى بىر تاتار يولباشچىسى موڭغۇل قوشۇنلىرىنى باشلاپ ياۋروپاغا غەلىبىلىك ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نۇرغۇن خرىستىئانلارنى تۇتقۇن قىلىپ كەلگەندە قويۇلغانىكەن. ئۇلارمۇ مۇسۇلمان ئىكەن.

يەنە ئىلىدىن كەلگەن بىر قىسىم مانجۇلارمۇ بولۇپ، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. چيەنلۇڭ خان ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا نۇرغۇن يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەنىكەن، ئۇلار ئىلىدا ئەڭ كۆپ ئىكەن، شۇڭا سەككىز تۇغلۇق مانجۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قارىغاندا ئىلىدا ئەڭ جىق ئىكەن، جۇڭغار دالىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ قالدۇق ئەۋلادلىرى بار ئىكەن.

«يىراق قىرلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇڭ

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گوۋۇيۈەن تارقاتقان (2003) 36 - نومۇرلۇق «تېلېگراف تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار»غا ئاساسەن، ئەسلىدىكى جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى شىركىتى جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتى ۋە جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى شىركىتىگە ئايرىلدى. جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتى 220 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغكە، 300 مىڭ كەسپىي خادىمغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت مەبلەغ كومىتېتى باشقۇرۇشىدىكى ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى غوللۇق كارخانىدۇر.

جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتى گوۋۇيۈەننىڭ ماقۇللۇقى بىلەن دۆلەت مەبلەغ سېلىشقا ھوقۇق بەرگەن ئورگان ۋە دۆلەت پاي كونترول شىركىتىنىڭ سىناق نۇقتىسىدىكى ئىدارە بولۇپ، گوۋۇيۈەن دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق، ئۇچۇر كەسپىي تارمىقىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ئورۇندۇر. جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتىنى جۇڭگو تېلېگرافى، جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش، جۇڭگو تۆمۈريول خەۋەرلىشىش قاتارلىق تېلېگراف تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قانچە چوڭ، ئۇل شىركەتلەر بىلەن جۇڭگو خەۋەرلىشىش بازىرىنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدىغان تېلېگراف ئۇچۇر تىجارىتى شىركەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

2002 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى تارماق شىركىتىنى قۇرۇش پىلانلىنىپ، بۇ شىركەت 2003 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش (پاي كونترول) شىركىتى بىلەن، شۇ يىلى يەنە 6 - ئايدا شىنجاڭ جىتۇڭ شىركىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئالتە تارماق شىركىتى بىلەن بىرلەشتى.

2004 - يىلى 7 - ئايدا «قوشۇلۇش، قايتىدىن تەشكىللەش» ئىستراتېگىيىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھىنىڭ يىغىندا پېيىنى بازارغا سېلىش گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. 2004 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ پاي چېكى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك پاي چېكى بازىرىغا ئوڭۇشلۇق سېلىندى. شۇ يىلى يەنە 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش شىركىتى شياڭگاڭ پاي چېكى بازىرىدا ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت باشلىدى.

2004 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى 2008 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ رەسمىي مۇقىم خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى ھەمكارلىق ھەمراھى قىلىپ تاللىنىلدى.

شىركىتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭدىكى جۇغلانما مەبلىغى مىليارد يۈەندىن ئېشىپ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاستتا تارماق شىركەت قۇرۇپ، خېرىدارلىرى (ئابونتلىرى) نەچچە يۈز مىڭغا يەتتى. 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش شىركىتى رەسمىي ۋىۋىسكا ئاستى.

جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش شىركىتى بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن، شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش شىركىتى شىنجاڭدا ئاساسلىق خەۋەرلىشىش ئۇچۇر كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك سىستېمىلارنى جەملەپ، تېخنىكىلىق مۇلازىمەت، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى لايىھىلەپ ئىشلەپ چىقىرىش ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدا سېتىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ شىركەت يەنە دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى تۈرلۈك تېلېگراف تورى ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش، مۇقىم تېلېفون تورىنىڭ سانلىق مەلۇمات، سۈرەت ۋە كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

بۇ شىركەت ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن، ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار، مۇكەممەل سانلىق مەلۇمات خەۋەرلىشىش تورى، غول لىنىيىلىك يەتكۈزۈش تورى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلارنى ئۇلاش تورىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، باھادا ئەرزان بولۇش، خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، ئۆزگىچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، بازارغا سەزگۈر بولۇشتەك زامانىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، قانۇنلۇق رىقابەتلىشىش، ھەمكارلىشىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق بەش يىلدا شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش بازىرىدا تېگىشلىك ئورۇننى ئىگىلەپ، نىسبەتەن زور تەسىر كۈچىگە ئىگە دۆلەت پاي تۈزۈمىدىكى خەۋەرلىشىش كارخانىسىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارماقتا.

# كۆڭۈل مۇزورى ـجۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى دۇنيانى قاپلىغان



جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى:10060

كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلدۇ، جۇڭگو
تورخەۋەرلىشىشى بىلەن ئابونتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاسىتە

ئىيجاڭ 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى
北京2008奥运会合作伙伴

10060 ئالاھىدە مۇلازىمەت نومۇرى تور خەۋەرلىشىش ئابونتلىرىغا ئۆز جايىدىكى تور دائىرىسىدە تېلېگراف ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىدىغان، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىدىغان، بازار يۈرۈشى بىلەن تەمىنلەيدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەھنىسى.

## مۇلازىمەت تۈرلىرىمىز :

- كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىمىز
- ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىمىز
- توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىمىز
- بازار يۈرۈشى بىلەن تەمىنلەيمىز
- كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىمىز

ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060

جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھ شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى
中国网络通信集团公司新疆维吾尔自治区分公司


ئىرپان ®
تىل - مىللەتنىڭ قەلبى
تىل - مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋەتىنى
تىل ئۆگىنىش، تىلدىن دىلغا يول بار
ئىرپان
IRPAN
UC233
IRPAN100
ئۈرۈمچى ئىرپان ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى
乌鲁木齐市一帆电子有限公司
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 68 - نومۇر گۇاڭخۇي سارىيى 18 - قەۋەت C ئىشخانا
地址：乌市新华南路68号广汇大厦18楼C座 http://www.irpan.com
电话：0991-8562100 8526100 邮编：830002